# The Works of Ghujimuhammad Muhammad





غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد

# بەرگى خازان

(2008 ـــ 2009 ـ يىللار)



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

落叶：维吾尔文 / 霍吉穆罕买提·穆罕买提著. --
喀什：喀什维吾尔文出版社，2014.8
ISBN 978-7-5373-3142-5

Ⅰ.①落… Ⅱ.①霍… Ⅲ.①诗集-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.① I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2014)第 190722 号

策　　划：艾尔肯·伊布拉音·湃达
特约编辑：瓦依提江·吾斯曼
责任编辑：其曼古丽·阿吾提
责任校对：麦麦提斯迪克·塔伊尔
特约校对：阿不都热依木·阿不力米提
装帧设计：努尔买买提·艾买尔

| | |
|---|---|
| 作者 | 霍吉穆罕买提·穆罕买提 |
| 出版 | 新疆人民出版社<br>喀什维吾尔文出版社 |
| 电话 | 0998 - 2653927 |
| 地址 | 喀什市塔吾古孜路 14 号 |
| 邮编 | 844000 |
| 发行 | 新疆新华书店 |
| 印刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 开本 | 880 × 1230 毫米 1/32 |
| 印张 | 8.375 |
| 版次 | 2014 年 8 月第 1 版 |
| 印次 | 2014 年 12 月第 1 次印刷 |
| 定价 | 40.00 元 |

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


بەلكىم ئەتە چىقمايدۇ قۇياش ........................ 1
مەن مەن بولغانسېرى ........................ 3
كىتىپ قالدىڭ جىممىدە ........................ 5
بىر ئۆي ........................ 7
قۇياش قىزىل ئەمەس ........................ 8
سەن نەدە ........................ 10
يەنە يۈز يىلدىن كېيىنكى مۇشۇ يەكشەنبىدە ........................ 11
شامالنىڭ دەپتىرىدە مېنىڭ ئىسمىم يوق ........................ 13
ئۇنى ئىزدىمەڭلار ........................ 15
سالام ياردىن ئايرىلغانلار ........................ 16
ئەمدى چاقنىماس يۇلتۇزلار زىنهار ........................ 17
ئىشىك چەككۈچىگە ........................ 18
تۇرمۇشۇم ........................ 19
مەندىن ساڭا ........................ 20
بۈگۈن ئايغا ئۇن يەتتە ........................ 21
بىز قىزغا نەزمە ........................ 22
جان ئانا ........................ 23
شېئىرلىرىم سۆزلىسۇن ........................ 26
ھەر كۈنى شۇنداق ........................ 29
دېرىزىدىن كىرگەن شامال ........................ 30
نېمانچە شوخ گۈلدىكى قىلىق ........................ 31

دادا سزنى چۇشۇمدە كۆردۇم ........................ 32
شۇ قەدەر تەنهامەن ........................ 34
چالغىن دۇتارىڭنى، قۇشلار سايرىسۇن ........................ 35
ئاستا، ئاستا ........................ 36
ئوغلۇم ماڭا قىلدى تېلېفون ........................ 38
ھەر جايدىن كەلدىم ........................ 40
چېچىلىڭ چۇۋۇق، كۆزۈڭ ياش ........................ 42
مەن بۇ شېئىرنى سەن ئۈچۈن يازدىم ........................ 43
شېئىرنىڭ ئارقىسىدا ........................ 44
سەھەردىكى ھال ........................ 46
بىر تۈپ دەرەخ ........................ 47
توقۇم - توقۇم كىتابلار ........................ 48
قوشنام ........................ 49
18 - ئىيۇل، چۈشتىن كېيىن ........................ 51
قۇيۇنتاز ........................ 53
مۇھەببەتنىڭ دوزىخىدا ئۆچۈپ قالماس ئوت ........................ 56
ئۇ كىرنى يۇيۇپ بولدى ........................ 57
كۆڭۈلنىڭ كەينىدە ........................ 57
ھېچكىم كۆرمىدى ........................ 60
يامغۇردىن كېيىن ........................ 63
مۇھەببەتكە ماۋجۇشمۇ ئامالسىز ........................ 64
مەن مەن ئۈچۈن........................ 67
مېنىڭ ئالىمىمدە قۇياش يۇمىلاق ........................ 68
فابرىكىدىكى ئون ئۈچ ناخشا (داستان) ........................ 70
ئۇ........................ 83
كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىم ........................ 87
مېنى كىم دېگۈچىلەر ........................ 90

www.uyghurkitap.com


زىرىكتىم توختىماي ئۆلۈۋىرىشتىن ...... 92
مەن كۆڭۈل دەشتىگە پىيادە كىردىم ...... 93
كونا بازار ئەسلىمىسى ...... 94
ئاخشام كوچىدا ...... 96
تېرەك ئۇخلار ياپراقلار ئارا ...... 97
دېرىزەڭنىڭ ئالدىغا كەلدىم ...... 98
دىلبەر ...... 99
چىپار كېپىنەك ...... 102
يوقالغان بۈگۈنكى زامان ...... 104
ئاسمان - زېمىندىن ساڭا سالام ...... 106
ئاھ مېنىڭ تەڭرىم، ئاھ مېنىڭ تەڭرىم ...... 108
بۇمەرەم ...... 110
سىدىق دۆلەتنىڭ ئالجىشلىرى ...... 113
بوران چىقتى ...... 115
يېزىلمىغان شېئىرلارنىڭ ئاپتورى ...... 116
سالام دوستلار ...... 117
قالدى نە تەبەسسۇم گۈللەر بەرگىدە ...... 118
سەنەمنىڭ ناخشىسى ...... 120
ئالتۇن غازاڭلار ...... 122
يەنە بىر ناخشىدا كۆرۈشەيلى ...... 124
كۆكسۈك ئارا بارخان - بارخان... ...... 126
يەنە تويۇم بۇزۇلدى ...... 127
كۆڭلۈمنىڭ دېرىزىسى تالاغا قارايدۇ ...... 130
چۈشتىن كېيىنكى دېرىزە ...... 132
قايتىش ناخشىسى ...... 133
سىدىق دۆلەتنىڭ دوستلىرىغا بولغان مۇھەببىتى ...... 134
ئاشۇ كۆڭلۈم، كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىلىرى ئۈزۈلگەن ...... 137

ماڭا زۇلۇم سالغان ئىككى سۆز بار ............................ 138
جۆيلۈش ........................................................ 140
ئاشۇ ئەرۋاھ مەن بولسام ........................................ 142
يۈرىكىمنىڭ يېنىدا ئولتۇر ...................................... 144
كۆزلىرىڭدە لىققىدە ئاسمان .................................... 145
رەيھان ........................................................ 146
بىر ئاز - بىر ئازدىن ئۆلۈۋاتىمەن ............................. 151
بىردەم ئۇخلا .................................................. 154
ئەزەلدىن قانمايدىغان بالا ئىدىم مەن ............................ 157
كۆڭلۈم ئارامىدا ئەمەس ......................................... 159
چالدىم بۇ كۈينى ............................................... 161
بازاردىكى مۇقامچىلار ........................................... 162
كۈن چىقىشتىن كۈن پېتىشقىچە .................................... 164
لىققىدە مۇھەببەت قاچىلانغان شامال ھارۋىسىدا ..................... 166
بۈگۈن ھەم ئاسمان - زېمىننىڭ ئۈستىدە ............................ 168
ساڭا... ........................................................ 169
دۇنيادىكى ھەممە ئادەم سۆيگەن ياردىن ئايرىلغان .................. 170
ئاسمان - زېمىن ئۇچراشقان جايدا سېنى كۆردۈم ...................... 172
مېنىڭ كىتابىمنى ۋاراقلاپ باققان يوق ............................. 173
كىمنىڭ يۇلتۇزلىرى ئاسماندىكى... ................................ 175
مەن سېنى چۈشۈمدە كۆردۈم تولۇن ئاي ............................... 177
ھەممىمىزنىڭ ئالقىنىدا .......................................... 178
ھەسرەتتىن بىر تىزىق، دەردتىن مارجان ............................ 179
يەنە ........................................................... 181
مېنىڭ گۈزەل ياشلىق چاغلىرىم .................................... 182
ماڭا خوش دەڭلار ................................................ 184
مەن تىرەپ تۇرغان بەھەيۋەت ئاسمان ............................... 187

www.uyghurkitap.com


ئەيىبلىمە. ........................................ 189
نەدىسەن مەن ئۈچۈن بولغۇچى قۇربان .................. 191
بۇ دەقىقىدە ئاسمان قالمىدى ........................ 193
گۈللەر تۈرمىسىنىڭ قاراۋۇلىمەن ...................... 194
بۇ چۆچەكلەر، بۇ ھېكايىلەر ......................... 195
بىز................................................ 196
بىر ئايالغا قەسەم ................................. 198
تەخسىرات ........................................ 201
مەن كەلدىم ....................................... 203
• پىنھانلاردا جۇش ئۇرار سۆيگۈ ....................... 206
باھار تۈيغۇلىرى ................................... 208
سەن ياشىغان ئاۋات شەھەردە ......................... 210
يېقىنلا بىر يەردە .................................. 212
جىرىڭلار قۇياشنىڭ قوڭغۇراقلىرى ...................... 213
مەن ساڭا بەرمەكچى ئىدىم بىر ئاسمان .................. 214
جانانىنىڭ جاندىكى جىلۋىسى ئۈچتى .................... 215
ئىككى جىننىڭ ھېكايىسى............................... 216
ۋاقتىم يوق ........................................ 220
قۇشلار ئارىلى ...................................... 222
تەلۋە زاھىد ....................................... 223
دىلبەرنىڭ كۆكسىدەك يۇمشىدى ھاۋا ..................... 225
كۆڭلۈم ناخشا ئېيتار مۇھەببەت ئۈچۈن ................. 227
بىر نان ئۈچۈن .................................... 229
سورىما، مېنىڭ ئىسمىم ئاشىق، ئاشىق... ................. 231
سىملدايدۇ يامغۇر ھەۋەستە .......................... 233
سېنى قانداق ئۆلۈم بىلەن تارتۇقلاي .................... 235
تېنىڭ مېنىڭ قۇچىقىمدا ئەتىرگۈلگە ئايلاندى .............. 236

كەل ........................................ 237
سۆيۈشكەن بىز چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ........................ 239
ئۆلۈمنىڭ تېۋىشى ئاڭلىنار غۇۋا ........................ 240
كۆڭلۈمدە سەن پاتقۇدەك بىرلا ئىشىك بار ........................ 242
مەن نەپەس ئېلىۋاتىمەن ........................ 243
بىر باقساڭ... ........................ 244
يىرىم كېچىدە قانايدۇ يۈرەك ........................ 245
پەقەت بىر ئاسمان بولمايسەن ........................ 237
ئىستەكلىرىم قۇلۇپلانمىغان ........................ 248
بۇ كېچە ئۆلۈمنىڭ تەمى ئۆزگىچە ........................ 250
ھەقىقەت يەتتە قات يەرنىڭ تەكتىدە ........................ 251
چۈشلىرىم قالايمىقان ........................ 252
ئىيۇلنىڭ قوللىرى يۇمران ۋە ئاپئاق ........................ 253
يەنە بىر كېچە مېنىڭ بولدى ........................ 254
تېنىڭدىن گۈپۈلدەپ كېلەر نەۋباھار ........................ 255
ئەتراپىمدا شاۋقۇنلار ھايات ........................ 256
زالىم يار ........................ 258
ئىككىمىز... ........................ 259

www.uyghurkitap.com

# بەلكىم ئەتە چىقمايدۇ قۇياش

قۇشقا بەرگەن قاناتنى خۇدا
بەردى مېنىڭ خىياللىرىمغا

ئۆلۈپ كەتكەن نۇرغۇن كىشىلەر
ناخشىلاردا ياشايدۇ قىزغىن.
ياشاۋاتقان سانسىز كىشىلەر
تۇغۇلمىغان بولۇشى مۇمكىن.

ئېھ!
ماشىنا يوق شەھەر نەدىسەن،
قەيەردىسەن ئايال كىلىچەك؟
خازان قىلىپ سانسىز باھارنى
گۈل قېتىغا پالاندىن يۈرەك.
قەيەردىسەن يارنىڭ كۈلكىسى،
قەيەردىسەن قۇياش پاتماس جاي؟
قەيەردىسەن تۈڭلۈك ئالدىدا
يىغلاۋاتقان مۇھەببەتلىك ئاي؟!...

مەن قەيەرگە كېتىۋاتىمەن
ياستۇقتىكى چەكسىز دېڭىزدا
قولۋىقىمنى ھەيدەپ يىگانە؟



بەلكىم ئەتە چىقمايدۇ قۇياش،
بەلكىم قۇياشقا كەينىمنى قىلىپ
تۆكۈۋاتىمەن ئاچچىق ـ ئاچچىق ياش!

2008 ـ يىل 9 ـ ماي. خوتەن



www.uyghurkitap.com

## مەن مەن بولغانسىرى ...

بۈگۈن تۈنۈگۈنگە ئوخشاش،
ئوخشاش قۇياش، ئوخشاش شەھەر.
كۆڭلۈم كىمدىندۇر بىزار بولۇپ
كىمنىدۇر كۈتەر...

ئالقىنىمدا پىنھان جاي
بارماقلىرىم ئارىسىدا بىھۇش ياتار ساي.
ئاسمان بىر يانغا قىڭغىيىپ قالغان
بىر ياندا سايرايدۇ غېرىب بوز تورغاي.
بىر ـ بىرىنى شەرت قىلغان
سوزۇق تاۋۇشلار ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار،
ھەرپلەرنىڭ سوغۇق ئۆڭكۈرى
ئۆڭكۈردىن
قۇياشقا قول سوزۇپ تۇرغان شېئىرلار.
...
تاغلار تىك، تاشلار ئويغاق
جىرالاردا ھايات قىمىرلايدۇ.
مەندىكى چوڭقۇرلۇق
مەندىنمۇ چوڭقۇر، مەندىنمۇ زۇلمەت
زۇلمەت ئىچىدە روھىم جىمىرلايدۇ.



بىر دەممۇ ئازاد ئەمەسمەن
بىر دەممۇ شاد ئەمەسمەن
مەن...
مەن ئەمەسمەن
مەن مەن بولغانسىرى!

2008 ـ يىل 13 ـ ماي. خوتەن



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# كېتىپ قالدىڭ جىممىدە

كۆزلىرىم يۈزۈڭنى سىلاۋاتقاندا
بارمىقىم بارمىقىڭنى ئويناۋاتقاندا
هاۋا گۈلدۈرلەپ
چاقماق چېقىپ
يەر ۋە ئاسمان پىرقىرىدى.
تىنىمىزدىكى يايلاقتا
قويلار مەرەپ
كالىلار مۆرەپ
چوپان بالا هايت ـ هۇيت دەپ ۋارقىرىدى.
...
كۆتۈرۈلدى ئەسەبىي يالقۇن
خۇيۇڭ كۈمۈش، بويۇڭ ئالتۇن
ئالتۇن بويۇڭدا
زەرگەر بولايمۇ؟
تاغدەك تاشلارنى قۇچاقلاپ
چۆلدەك ئاسماننى هاپاشلاپ
دەريادەك ئۈنچە چېچىپ شاپاشلاپ
قەلەندەر بولايمۇ؟!

تېنىڭ دۇتار
چالاي دېگۈچە



كۆڭلىكىڭنىڭ تۈگمىسى ئۇچۇق.
بارمىقىمنىڭ بىرى يوق
توققۇزى سۇنۇق...

لېۋىڭ لېۋىمدە قالدى
تېنىڭ تېنىمدە قالدى
ئۇھ، دېگۈچە ئارام بىر نەپەس،
ئۇھ دېگۈچە
كۆزلىرىڭنى ئېچىپ مۆللىدە
كېتىپ قالدىڭ جىممىدە!

2008 ـ يىل 14 ـ ماي. خوتەن



www.uyghurkitap.com



# بىر ئۆي...

ئاسمانىنىڭ ئاستىدا
يەرنىڭ ئۈستىدە
بىر ئۆي...
قەلبىمدەك يورۇق
قەلبىمدەك قۇپقۇرۇق.
قەلبىمدەك
ئىشىكلىرى ھاڭقىرغاي ئوچۇق.
ياڭراپ تۇرار ھەسرەتلىك بىر كۈي
ئۆيدە ھېچكىم يوق...

ئۆينىڭ ئالدىدا
يالغۇز ئاياغ يول.
تۇتىشار ئۇ بۇ دۇنيادىكى
بىر ئۆيگە ئۇدۇل.

ماكانسىز مەن
سەرسان ـ سەرگەردان.
مەن ئىيتقان ناخشىلار
تارقىلىدۇ شۇ ئۆيدىن ھامان.
چۈنكى ئۇ ئۆي
قەلبىمدەك قۇپقۇرۇق
ئۆيدە ھېچكىم يوق!

2008 ـ يىلى 14 ـ ماي. خوتەن

## قۇياش قىزىل ئەمەس

نېمىشقا تاغنى ئاق دېگەندىمەن،
كېچىنى قارا؟
نېمىشقا قۇياشنى قىزىل دېگەندىمەن،
نېمىشقا؟!...

تاغلار ماڭمايدىكەن
ئاسماننىڭ ئېگىز تۇرغىنى يالغان ئىكەن.
دەريالارنىڭ ئېيتقىنى ناخشا ئەمەس
ئۆلگەنلەر راست، تىرىكلەر ساختا ئەمەس
خۇشال كۈيلەرنى شاماللار چالغان ئىكەن.

يوپۇرماقلارغا ئۆگەتكەن چاۋاك چېلىشلىرىم
قۇرت ـ قوڭغۇزلارغا ئۆگەتكەن تىرەجەپ ئالغا ئىنتىلىشلىرىم
قوقاستەك قۇملارنى ئالقىنىمغا ئېلىپ
چۆلنى يىتتۇرۇپ قويغان ماكانىم بىلىپ
قۇل بولۇپ، بوينۇمنى ئېگىپ
سۇلتانىمنى قىچقىرىشلىرىم...
ئايالالارنىڭ تېنى باشقا
جېنى باشقا،
تۇرسا ئەتراپىمدا سان ـ ساناقسىز گۈل
كۆڭۈل بېرىپ سايدىكى تاشقا،
يۈرىكىمدىن قان ـ يىرىك ئېقىپ تۇرسىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يىغلاپ ـ يىغلاپ
مەپتۇن بولۇپ ھەسرەتلىك ياشقا
شېئىر يېزىشلىرىم…

نېمشقا ئاينى ئۇن بەش كۈن قاراڭغۇ،
ئۇن بەش كۈن يورۇق دېگەندىمەن؟
نېمشقا ئۆلۈكلەرنى كولاپ قەبرىلەردىن
تىرىكلەرنىڭ غېمىنى يېگەندىمەن؟!
…
كۈيلىسەم بولمامدۇ ئاپتاپپەرەسنى
كۈيلىسەم بولمامدۇ غايە ـ ھەۋەسنى؟
كۈيلىسەم بولمامدۇ
گۈلنىڭ ئېچىلىشىنى، قۇياش نۇرىنىڭ چېچىلىشىنى
كېپىنەكنىڭ چۈشىنى، قۇۋناق كۈنلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىنى؟
ماشىنىلارنى، كېلىچەككە قاراپ كېتىۋاتقان
بىنالارنى، مۇئەللەقكە بوي سوزغان
قىزىل، يېشىل چىراغلارنى
زەڭگەر بۇلۇتلارنى كۈيلىسەم بولمامدۇ؟!

ئۇزاقچە جەڭگاھتا يۈرگەن جەڭچى
كۆنۈپ كەتكەندەك ئۆلۈمگە
كۆنۈپ كېتىپتىمەن شۇنداق كۈيلەشكە.
ھاياتىمنى كېپىنەكلەرگە قالدۇراي
ھەرنە دېسۇن، دېسۇن ھەرنە…
تىنچ ـ ئامانلىق بولسا
كېپىنەكى كۈنلەردە!

2008 ـ يىلى 16 ـ ماي. خوتەن



# سەن نەدە

قەبرىلەردىن جەسەتلەر كەلدى
ئىسمىڭنى يادلاپ.
چۆللەردىكى ئەشەددىي مۇقام
ئۈنى ئۆچتى تووۋلاپ ـ تووۋلاپ.
ئادەم ۋە ماشىنا
ناخشا ۋە كىشەن.
يۇلتۇز ۋە ئوقيا
گۈل ۋە كېپەن...
كەلدى
كىتابلاردىن ئاتلار،
كەلدى ئۆلۈمدىن ئاداشقان كارۋان
...
سەن نەدە؟!...

2008 ـ يىلى 17 ـ ماي. خوتەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



# يەنە يۈز يىلدىن كېيىنكى مۇشۇ يەكشەنبىدە

يەنە يۈز يىلدىن كېيىنكى مۇشۇ يەكشەنبىدە
ئاراڭلاردا ئېھ، دوستلىرىم
كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرسام دەيمەن

گەپ توشۇيدۇ شاماللار
دېرىزىلەرنى يېپىۋېتىڭلار

ئۆلسەم ئەگەر تۇيۇقسىز
قاتىلىمدۇر چوقۇم بىر ئايال.
ئۆلتۈرىدۇ ئۇ مېنى
بارلىق ئاياللاردىن قىزغىنىپ
چەكسىز ئۇلۇغ سۆيگۈسى بىلەن...

نەچچە يىللاردىن بېرى
مۇھەببەتلىك شېئىرلار ئېچرە
رەسۋا قىلدى ئۇ مېنى

ئايغا باقسام ئايدا يىغلىدى
كۈنگە باقسام كۈندە كۈلدى ئۇ.
ئۆلەي دېسەم چاقىردى مېنى،
ياشاي دېسەم شۇئان ئۆلدى ئۇ.

ئۇخلاپ قالسام، كىرپىكلىرىمدە
ئولتۇردى ئۇ ماراپ كۆزۈمنى.
ياستۇقۇمغا دەريانى باشلاپ
غەرق قىلماق بولدى چۈشۈمنى.

بىر كارىۋاتتا يېتىپ باقمىدۇق
لېكىن ھەمىشە
يۈردۈم شەرمەندە.
باقمىدۇق بىز ئۇچرىشىپ
لېكىن
مەن ئۇچراتقان ھىر بىر ئايالنىڭ تېنىدە
قىلدى مېنى دەپسەندە.

بەلكىم
بارلىق ئايال ـ ئاشۇ بىر ئايال

يەنە يۈز يىلدىن كېيىنكى مۇشۇ يەكشەنبىدە
ئاراڭلاردا ئېيە، دوستلىرىم
كۆلۈمسىرەپ ئولتۇرسام ئەگەر،
ئاشۇ...
ئايال ئۈچۈن كۆلۈمسىرەيمەن!

2008 ـ يىلى 19 ـ ماي. خوتەن


www.uyghurkitap.com

# شامالنىڭ دەپتىرىدە مېنىڭ ئىسمىم يوق

شامالنىڭ دەپتىرىدە مېنىڭ ئىسمىم يوق
قۇياشقا ئوخشاتما سەن مېنى كۈلسەم.
جەستىم كۆكلەيدۇ قىزىل گۈل بولۇپ
يارنىڭ ئىشكىدە تەلمۈرۈپ ئۆلسەم.

شەھەرلەر كىيىملىرىنى سالدى ئۇياتلىق
چۆللەر بورانلاردا يۈرەر قاناتلىق
سايلار دىللارنى كېزەر ئاتلىق.
مەن ئۇ يەرلەردە ئەمەس، باشقا يەرلەردە
ناخشا ئېيتىمەن ئۈنسىز، پەريادلىق.
ناخشام ئاڭلىنىدۇ پەقەت ئۆززۈمگە
ياش ئالىمەن مەنلا كۆززۈمگە...

جاھاندا بىرلا قىز، رۇخسارى سامان
كىرپىكى چېچىلغان تال ـ تال سەرگەردان.
لەۋلىرى كېپىنەككە بولۇپ قەبرىستان
ھۇۋلار ۋۇجۇدىدا تۇمەنىمىڭ ھايۋان.
بىر جاندا جىنازىسى سۇنغان ھاياتنىڭ
بىر جاندا ئۆلۈمنىڭ قولى مېھرىبان.
رەستىدە سازايى كۆڭۈللەر
گۈل بەرگىدە كىيىپ ئىشتان.

تولغان ئەمچەكلىرى تەكلىماكاننىڭ
توغراقلار شاخلىرىنى دىڭگايتىپ تۇرغان.
ھىجىيىپ تۇرغان باش سۆڭەكلىرى
شاراب ئىچىۋاتقان، قان قۇسۇۋاتقان.
مەن ئۇ يەرلەردە يوق، باشقا يەرلەردە
كۈلۈپ تۇرۇپ ئۆلۈۋاتقان...

جېنىم بىر ئىكەنغۇ، بىلمەيتىمەن ھەي
بىلسەم بېرەرمىدىم تىلەمچىلەرگە؟
ئېشەك يۇلتۇزلارغا قاراپ ھاڭرىسا
ئىشىكنى ياپارمىدىم كۈنلەمچىلەرگە؟!
بوران بىلسە بىلەر ئىسمىمنى بەلكىم
شامالنىڭ دەپتىرىدە مېنىڭ ئىسمىم يوق.
ئۆلسەم ئۆلگەندىمەن شېئىر يېزىۋېتىپ
گۈللەر يۈرىكىمگە ئاتسا ئوق.
كۈلسەم كۈلگەندىمەن بولۇپ سەۋدايى
يۇمشاق توپىلارغا ئۆزۈمنى تاشلاپ.
يىغلىسام يىغلىغاندىمەن چۆل بولۇپ كەتكەن
ياستۇقۇمغا دەريانى باشلاپ...

مېنى ئىزدىمەڭلار پەسىل قۇشلىرى
شامالنىڭ دەپتىرىدە مېنىڭ ئىسمىم يوق!

2008 ـ يىلى 20 ـ ماي. خوتەن

www.uyghurkitap.com

## ئۇنى ئىزدىمەڭلار...

ئۇنى ئىزدىمەڭلار،ئۇ يوق
ئۇنى يوق دېگىنى مەن.
شېئىر يازسامۇ ئۆلگىچە ئەبەد
ئۇنىڭ بارلىقنى ئىسپاتلىيالمايمەن.
غوجىمۇھەممەد دېگەن بۇ ئىسىم
چاپلاپ قويۇلغان ئۇنىڭغا قەستەن.

ئۇنى مەندە كۆردۈم دەيدۇ ئاياللار
ياشلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان قىزغىن، مېھرىبان...
لېكىن كۆرمەس ئۇنى ئۆزىدە زىنھار
پۇشايمان قىلىپ يىغلاپ ئولتۇرغان.

سۆيۈشكەندە توختاپ قالغان نەپەسلەردە
گۈل ئۈزگەندە قاناپ كەتكەن بارماقلاردا
يىرتىلغاندا چىرقىرىغان ناللەردە
چاچلاردا كىشنەپ ئاققان تارغاقلاردا
ئۇ ئويغىنىدۇ
تولغىنىدۇ،
تولغىنىدۇ...

2008 ـ يىلى 21 ـ ماي. خوتەن



## سالام، ياردىن ئايرىلغانلار

كۆل بويىدا ئولتۇرار بىر قىز
دەردى نېمىدۇر، قايغۇسى نېمە؟
يۈزلىرىدە بۇلۇتلار ئەگىپ
كۆزلىرىدە
يۈرەر نىشانسىز ئۈزۈپ بىر كېمە.

چاچلىرى شامالنى قىلىپ سازايى
سايىسى دولقۇنلىتىپ تاشتۇرغان كۆلنى.
ياشارتماق بولار كۆز يېشى بىلەن
قولىدىكى قۇرۇپ كەتكەن گۈلنى...

سالام ياردىن ئايرىلغانلار !

مەن مۇھەببەتنىڭ تەنھا شائىرى،
كەلدىم بۇ دۇنياغا
جۇدالىقنى كۈيلىگىلى.

2008 ـ يىلى 21 ـ ماي. خوتەن

www.uyghurkitap.com



## ئەمدى چاقنىماس يۇلتۇزلار زىنهار

ئاخشامقى يۇلتۇزلار يانغان چاراقلاپ،
ئاخشامقى يۇلتۇزلار نۇرلۇق، شادىمان
چاراقلاپ يانغان ئاشۇ يۇلتۇزلار...

كۆزۈڭدە ئۇچقۇنلار، لېۋىڭدە تىترەك،
چاچلىرىڭ يەلكەمدە ئاققان يىپىلىپ
بارمىقىڭ بارماقلىرىمدا كىشىنگەن ئاتتەك...

قاۋاشقا باشلىسا دەسلەپكى ئىتلار
تارقاشقا باشلىغان قىزغۇچ بۇلۇتلار
باللار يىغلاۋاتقان ئاھ، بەختىيار
سەن كۈلگەن
سەن كۈلگەن سۆيۈپ تۇرۇپ مېنى زار - زار...

ئەمدى سەن يوق،چاقنىماس ئەمدى
ئەمدى چاقنىماس يۇلتۇزلار زىنهار!

2008 - يىلى 21 - ماي. خوتەن



# ئىشىك چەككۈچىگە

كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان بولسام
دېگىن: خۇشاللىقتا چۆمگەن ئۇ پەۋەس.
ئەجەبلەنمە، سېنى كۈتكەنمەن
سېنى كۈتكەنمەن، باشقىنى ئەمەس.

يىغلاپ ئولتۇرغان بولسام مەن ئەگەر
دېگىن: ئۇنىڭ دەرى گۈزەل نەقەدەر؟
ئەجەبلەنمە، مېنىڭ بۇ دەردىم
سېنىڭ كېلىشىڭدىن ئالغان خۇش خەۋەر.

يوشۇرما قولۇڭدىكى پىچاقنى
يوشۇرما كۆزۈڭدىكى غەزەپ ـ نەپرەتنى.
ئېھ، مەن كۈتكەنمەن، كۈتكەنمەن ئۇزاق
بۇ مۇھەببەتنى!

2008 ـ يىلى 22 ـ ماي. خوتەن

www.uyghurkitap.com



# تۇرمۇشۇم

بىر نەچچە ئايال قەلبىدىن چىقىپ كەتتى
قۇياش ئۇلارغا
مېنىڭ ئۆيۈمنى كۆرسەتتى.
ئۇلار ماڭا ئالغاچ كېلىپتۇ
قەھرىمنى باسىدىغان ئاچچىق موخۇركا.

قەيەرگە بارىمەن شېئىر يېزىپ،
نام ـ ئاتاق گوياكى قاراڭغۇ تۇرمە.
لايىقتۇر ماڭا
كۆن نۇرى ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان كەپە.
بىركىم ئىسمىمنى چاقىرسا
قارىماس ئارقىسىغا بىرنەچچە ئادەم.
ياشىسام ھېچكىمگە كۆشەندە بولماسمەن،
كۆزۈمنى قاغا چوقۇماس ئۆلسەم...

2008 ـ يىلى 22 ـ ماي. خوتەن



# مەندىن ساڭا...

مەندىن ساڭا كېتىۋاتقىنى قان
تېنىمگە پاتمىغان بەھەيۋەت جان.
يۇلتۇز شولىسىدا پارە ـ پارە
قۇم دانىسىدىكى تەكلىماكان.
بەزىدە يىغلاپ، بەزىدە كۈلۈپ
ئىشقىنى كۈيلىگەن شاللاق شېئىرلار.
مۈكچىيىپ ئولتۇرغان قېرى تاغ
قارنى يېرىلغان ئۆكتەم ئىتىزلار.
كۈلكىلىرىمدە ئاپتاپ پارلىماس
كۆز ياشلىرىمدا دەريا لەك ئۇرماس.
مەندىن ساڭا كېتىۋاتقىنى باھار ئەمەس،
پەسىل مارجانلىرى بوينۇمدا تۇرماس.
سەن بەخش ئەتكەن بۇ ھاياتىمدا
مەن يوقمەن ئاھ، بىر لەھزە زىنھار.
سۆيۈپ قۇل بولغان شۇ كۈندىن باشلاپ
تىزىلغان ئۆلۈملەر قاتار ـ قاتار...

مەندىن ساڭا كېتىۋاتقىنى مەن
يوق لېكىن مەندە
سەندىن بۆلەك ھېچنېمە!

2008 ـ يىلى 27 ـ ماي. خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# بۈگۈن ئايغا ئۇن يەتتە

بۈگۈن ئايغا ئۇن يەتتە
قاتىل كۆزلىرى قۇياشنىڭ قىزىل
بۈگۈن ئايرىلىدىغان كۈن
ھەممە ئىشكلەر تاقاقتۇر بۈگۈن

ئايال دېگەن ۋەتەن
ئايال دېگەن كىشەن
ئايال دېگەن بىر دۈشمەن .
ئايال دېگەن
يالىڭاچ بولغاندا ئاندىن ئايال
سۆزۈمگە ئىشەن!...

ماشىنىلار، ئىمارەتلەر
پۇللار ۋە قۇللار

ۋەھشىي جاراڭلىغان توي ناغرىسى
شەھەرنىڭ سېمىز خوتۇنلىرى
كاۋاپدانلاردا كۆيۈۋاتقان
تەكلىماكاننىڭ توغراق ئوتۇنلىرى
ھەممىسى ساختا
ئايرىلغان چاغدا ...

2008 ـ يىلى 27 ـ ماي. خوتەن



# بىر قىزغا نەزمە

ھېچقاچان قۇياشمۇ بۇنداق قىزارماس
قىزارساڭ گۈللەرمۇ تۇرار چېچىپ قان.
تۆكۈلسە تېنىڭنىڭ يوپۇرماقلىرى
باھارغا لىق تولار قۇچىقىم شۇئان.

كۆڭلۈمدە بىر تاش بار قارا، قاپقارا
قارا تاش كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى گويا.
ئەينەكتە تۇرسەن بىرلا سەن كۈلۈپ
سانسىز گۈل ئېچىلىپ تۇرغاندەك تەڭلا.

ئېھ، يوچۇن بىز ئۇچۇن سۆيۈشمىگەنلەر
يامغۇردا قالغاندەك يالىڭاچ تېرەك.
ئېچىلىپ قالغاندەك ئەخلەتخانىدا
سۆيگۈگە لىق تولغان تاشلاندۇق يۈرەك.

كەل يەنە بىر قېتىم ئايرىلايلى بىز
قاپلىسۇن ئالەمنى تەمبۇر ناۋاسى.
ئۇچرىشىش قىشتىكى ئىسسىق يوتقاندۇر،
ئايرىلىش يازدىكى باغنىڭ ھاۋاسى!

2008 ـ يىلى 28 ـ ماي. خوتەن



# جان ئانا...

1

تېلېفونۇم تۇرمايدۇ سايراپ
ماڭا ھېچكىم بەرمەيدۇ يىغلاپ .
تۇپراق كۆيەر ماڭغان يولۇمدا
مەجنۇنتالدەك قىزنىڭ چاچلىرى
يەلپۈنمەيدۇ ئوت ۋە سولۇمدا .
قارىدىم مەن قۇياشقا ھەركۈن
بىلەلمىدىم قانداق كۈلۈشنى.
ئاشىق بولدۇم ، يوقتۇر مەشۇقۇم
چۈشەنمىدىم يالغۇز ئۆلۈشنى.
ھەممە يەردە نامىم قەلەندەر
ئەينەك چاققان بارماقلىرىم قان.
لەۋلىرىمدە بىر دەريا ئاقار
چاڭقاپ ـ چاڭقاپ نالە قىلار جان.
قۇرۇپ كەتتىم تەكلىماكاندەك
جان ئانا...

2

يىتىم دەرەخ كەچكۈزدە يىتىم
باھار كەلسە ياپراقلىرى بار.

ماشىنىلار كەتسە ئالدىراش
بىكەت يەنە ئۆز پېتى قالار.
ئىگىز ئۆيلەر مېنى يەيدىكەن
ئەينەكلىرى سوزۇك، يالىڭاچ.
مېنى ھېچكىم ئۆلتۈرمەيدىكەن
كوچىلاردا بولسىمۇ قاچ ـ قاچ!
قامچىسى يوق ھارۋىكەش ئەمەس
خۇرجۇنى يوق ئەمەس قەلەندەر.
ئىكەن ئىشق مەنزىلى ئۇزاق
تاپىنىمدىن بېشىمغا قەدەر.
يالغۇز قالدىم بۇ يولدا جاندەك
جان ئانا!...

3

خىيالىمدا قىزنىڭ ئۆلۈمى
جەسەدلەردىن ئاشتىم داۋانلار.
ئەتىرگۈللەر كارۋاتقا چىقتى
دېرىزىنى چاقتى بورانلار.
پىچاق بىلەن سوڭەكتەك يىقىن
ئىككى يۇلتۇز چاقنىدى ئۇزاق.
تاشتەك قاتتى ساينىڭ نالىسى
تورغايلارنىڭ ئۈنىدە بىراق.
قىرىپ كەتتىڭ، دېدى توغراقلار
قاغىلارمۇ دېدى: ئۆلۈپ كەت.
دېدى قۇياش: كۆل قىلار ئاخىر
سېنى ئاشۇ ئوتلۇق مۇھەببەت!...
چارچاپ كەتتىم ۋەتەننى سۆيۈپ

قۇچىقىڭغا ئالغىن بېشىمنى.
كېپەندەك ئاق ياغلىقىڭ بىلەن
سۈرتۈپ قويغىن دەردلىك يېشىمنى.

جان ئانا!...

2008 ـ يىلى 28 ـ ماي خوتەن





# شېئىرلىرىم سۆزلىسۇن

ئەمدى يەنە نېمە دەيمەن،
ئەگەر يەنە سۆز كېرەك بولسا
شېئىرلىرىم سۆزلىسۇن

شېئىرلىرىم...
...
سۇ ئوتنىڭ يېنىدا
يورۇقلۇق ئادەمنىڭ قېنىدا
قاراڭغۇلۇق ئادەمنىڭ جېنىدا.
دۇنيا
قەلەندەرنىڭ خۇرجۇنىدا.
كارۋانلار يىڭنە قۇلىقىدىن ئۆتۈپ
زامانلار بارخانلاردىن كۆچۈپ
چۆل قۇم دەرۋازىسىنى ئاچقاندا .
تۆگىلەر ۋە ئېشەكلەر
تىرىكلەر ۋە جەسەتلەر
غايىب بولغان ئۆلۈم
ۋە كۆرۈم
قورقۇپ كەتكەن جىنلار، ئەرۋاھلار
پىتىراپ قاچقاندا
ھاياجانلىنىپ قوللىرىغا قەدەھ ئالغان شېئىرلىرىم...

www.uyghurkitap.com



سەن يوق
بولساڭ ئاشىق بولماس ئىدىم مەن ساڭا
جان مەشۇقۇم...
سەن يوق
بولساڭ ئۆلۈپ بېرەر ئىدىم مەن ساڭا
جان مەشۇقۇم...
ئاشكارا ئاسمان
قومۇش نەيىنى پۈۋلىگەن شامال،
ئۇۋۋچى بىلەن قەلەندەر
ئىپار تېغىدا ئۇچراتقان ئايال...
سەن ئەمەس،
ئەگەر سەن بولساڭ
تاغنى تالقان قىلار ئىدىم مەن
ياكى بىر ئۆمۈر
تاغنى ماكان قىلار ئىدىم مەن،
جان مەشۇقۇم...

سەن يوق!

ئۆتۈنەي دۇنيا
پېشمگە ئېسىلما

مەن ئۆلەر بولدۇم،
ئەي هازىدار ئاياللار
كېپىنىمنى ياغلىق قىلىپ ئارتماڭلار.
جىنازامنى ئېپ ماڭغاندا دوستلىرىم
ئۆلۈمىمنى قوشاق قىلىپ قاتماڭلار.



قەبرىستانلىقتا يېتىپ بارغۇچە
ئانام چىقىپ ئىچ ـ باغرىنى يارغۇچە
بىردەم توختاڭلار.
ئۆتۈنەي ئەي قېرىنداشلىرىم
يەتتە كەتمەن توپىنى
ساتماڭلار...

مەن ھەققىدە سوئال قويسا ئاخۇنۇم
ھېچكىم گەپ قىلمىسۇن
شېئىرلىرىم سۆزلىسۇن!

2008 ـ يىلى 30 ـ ماي. خوتەن



# ھەر كۈنى شۈنداق

خىيالىم مۇزلاپ قالغان؛
جۈت ـ شىۋىرغان
قىش ـ زىمىستان...

قولۇم قولۇمنىڭ ئۈستىدە
پۇتۇم پۇتۇمنىڭ ئۈستىدە
جىمجىت
ئۆلۈپ قالغان...

كۆڭلۈم قۇپقۇرۇق
ھېچكىم يوق

يېقىن ئەڭ يىراق
يىراقتا
خىرە يانار بىر چىراغ

بۈگۈن
ئاخىرقى كۈن،
ھەركۈنى شۈنداق
ھەر بەندە ئۈچۈن.

2008 ـ يىلى 30 ـ ماي. خوتەن



# دېرىزىدىن كىرگەن شامال

خاتىرەمنى ۋاراقلاپ شېئىر ئوقۇيدۇ
دېرىزىدىن كىرگەن شامال

ئۇنىڭ ئۆكسۈپ يىغلىشى
يۇمشاق قوللىرىدا چاچلىرىمنى سىلىشى
نەلەردىندۇر ئەكېلىپ ياستۇقۇم يېنىغا تاشلاپ قويغان
بىر تال يوپۇرماق
پارە ـ پارە بولغان يالغۇزلۇقۇمغا
سالىدۇ ياماق

كەلگەنلەر ئۆزى كەلدى
كەتكەنلەرگە نە ھاجەتتۇر خوش دېمەك؟
ئېچىلسا گۈلدۇر،
ئېچىلمىسا
يۈرەك يەنە يۈرەك!

دېرىزىدىن كىرگەن شامال
بەلكىم ئايال.
ئۆزى كەلدى
ئۆزى كېتىدۇ

2008 ـ يىلى 2 ـ ئىيۇن. خوتەن

www.uyghurkitap.com



# نېمانچە شوخ گۈلدىكى قىلىق؟

نېمانچە قىزىل،
نېمانچە شوخ گۈلدىكى قىلىق؟
گويا
تەڭ يىقىلغاندەك تۈمەنمىڭ ئىنسان
تەڭلا ئېتىلىپ تۈمەنمىڭ مىلتىق .
چېچىلىپ قان
چىقىپ جان
پەلەككە يېتىپ نالە ۋە پىغان
قاپلىغاندەك ئارقىدىنلا چەكسىز جىمجىتلىق!...

نېمانچە قىزىل
ئاسماندىكى ناخشا ئېيتىۋاتقان قۇياش؟!

2008 ـ يىلى 2 ـ ئىيۇن. خوتەن



# دادا، سىزنى چۈشۈمدە كۆردۈم

دادا، سىزنى چۈشۈمدە كۆردۈم،
كەتمەن چېپىۋاتقان ھالىتىڭىزگە قاراپ
يەر ۋە ئادەمنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان مۇھەببىتى ۋە
ئۆچمەنلىكىنىڭ پەيزىنى سۈردۈم.

سىز جىمجىت ياتقان يەرنىڭ باغرىنى تىلغاپ
رەھىمسىزلەرچە چاناپ
قارا تەرگە چۆمۈلۈپ
ئۆزىڭىزنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلدۈرۈپ قويدىڭىز.

قۇياشقا ئارقىڭىزنى قىلىپ
ھەقىقەتنى كۆرمەس بولۇۋالدىڭىز.

يەرنى تىللىغاچ
نان يېيىش ئۈچۈن
ئېتىز قىرىدىكى بىر تۈپ تېرەكنىڭ يېنىغا ماڭدىڭىز.
نانىنى يەپ بولۇپ
سىزگە زۇلۇم سالغان كەتمەننى تىللاپ تۇرۇپ
ئۇنى بېشىڭىزغا قويۇپ ئۇخلاپ قالدىڭىز...

دادا
ھازىر سىياسەت ياخشى.

ئېتىزلاردا ئېشەك ئورنىدا
تىراكتورلار ھاڭرايدۇ.
ھەممە ئادەمنىڭ قورسقى توق
كىيىمى پۈتۈن،
پارتىيەنىڭ شەنىگە مەدھىيىلەر ياڭرايدۇ.

يۇلتۇز ساناپ تۈنلەردە
ھېچكىم خاماندا ياتمايدۇ.
خامان ئالغاندا «لاي ـ لاي...» دەپ
ناخشا ئېيتمايدۇ.

سىز يەرنى تىللاپ تۇرۇپ
كۆزىڭىزگە سۈرەتتىڭىز،
ھازىر ئادەملەر توپىدىن قاچىدىغان بولۇپ كەتتى.
يەرنى ئانا! دەپ تۇرۇپ،
ئۇنىڭ باغرىدىن يىراقلاپ كەتتى.

دادا!...

2008 ـ يىلى 6 ـ ئىيۇن. خوتەن



# شۇ قەدەر تەنھامەن...

ئەي قۇچقاچ
تەقدىم قىلاي ئاسماننى ساڭا.

ئۆستەڭ بويىدا تۇرغان سۆگەتلەر
تەقدىم قىلاي سىلەرگە
ئۆستەڭدىكى بارلىق سۇلارنى

تاغلار ئورنىدا جىم تۇرسۇن
چۈنكى
تەقدىم قىلدىم ئۇلارغا مەن سۈكۈتنى

شۇ قەدەر تەنھامەن، شۇ قەدەر غېرىب
ئادەملەر ئارىسىدا.
تەنھا ئەمەسمەن ، مىڭمەن، مىليونمەن
تەنھا قالغاندا...

ۋادەرىخا ،
ئېھ، خۇدا...
تەنھالىق يارىشار پەقەتلا ساڭا!

2008 ـ يىلى 7 ـ ئىيۇن. خوتەن



www.uyghurkitap.com

# چالغىن دۇتارىڭنى، قۇشلار سايرىسۇن

چالغىن دۇتارىڭنى، قۇشلار سايرىسۇن
يۈرىكىڭدىكى يېشىل شاخلاردا.
شوخ جانانلار شاراب ئوتلىسۇن
قەلبىڭدىكى ئاياغلاردا.

قىزىل گۈلنى قىزىل قىلغان كىم
ئەمەسمۇ ھىجرانكار بۇلبۇلنىڭ قېنى؟
ئىشقنى مەڭگۈلۈككە ئىگە قىلغان كىم،
ئەمەسمۇ ئۆلۈپ تۈگىمەس ئاشىقنىڭ جېنى؟!...

ئىزدەپ يارىنى ئىشىكتىن چىقسا
چۆللەردە كىرپىكىنى ھاسا قىلماس كىم؟
چالغىن دۇتارىڭنى، يارىنى تاپسا
سېنىڭ دۇتارىڭنى ئاڭلىماس ھېچكىم!

2008 ـ يىلى 8 ـ ئىيۇن. خوتەن



# ئاستا، ئاستا...

ئاستا، ئاستا
كۆزۈڭ نۇرى يورۇتتى مېنى
قاراڭغۇلۇق كەتتى يىراقلاپ.
ئاچتى قايناق ئىستەكلىرىمنى
بارماقلىرىڭ مېنى ۋاراقلاپ.
ئات كىشنىدى، خوراز چىللىدى
ۋۇجۇدۇمنىڭ چوڭقۇرلىرىدا.
شاراب ئىچىپ قىزاردى تاڭمۇ
مۇھەببەتنىڭ ئاپقۇرلىرىدا...

ئاستا، ئاستا
تېنىڭ ئالتۇن تۆگىگە ئوخشاش
قوڭغۇراقلار كەتتى جىرىڭلاپ.
ئەتىرگۈلدەك كۈلۈمسىرىدى
چېھرىڭدىكى يېگانە ئاپتاپ.
قۇم دەرۋىشنىڭ تونى ئەمەسمۇ،
بوران ئۈنىڭ نالىگەن ئۈنى.
كۆكسۈڭدىكى بارخان ـ بارخان، ئاھ
بېشىم قويۇپ ياتسام ھەركۈنى...
توساتتىنلا سەن يوق ياكى مەن،
يېگانىمەن تەڭرىگە قەدەر.

www.uyghurkitap.com



تەقدىم قىلماق بولسام ساڭا جان
ئۆزۈڭ كېلىپ سال ماڭا خەنجەر!

ئاستا، ئاستا
ئۇچۇپ كېتەر قۇشلار يىراققا
توزۇپ كېتەر گۈللەر ئېچىلىپ
ئۆلۈپ كېتەر ئادەملەر بىر ـ بىر...
ناخشىلارمۇ قالار كوچىدا
قالار ئاسمان يىغنە ئۇچىدا
قالار ماڭا ماكان بوپ پەقەت
ئۆزۈم يازغان ھەسرەتلىك شېئىر...

ئاستا، ئاستا
سېنى سۆيۈپ بولمەن سارالڭ!...

2008 ـ يىل 10 ـ ئىيۇن. خوتەن



# ئوغلۇم ماڭا قىلدى تېلېفون

ئوغلۇم ماڭا قىلدى تېلېفون:
– ۋەي، سەن نەدە؟
ئۆگىتىپ قوي دۇتار چېلىشنى،
نەدە
دۇتاردىكى باش پەدە؟!

تورۇق ئېتى قوزۇقتا ئىكەن
مىسران قىلىچى يېنىدا ئىكەن
مىياۋ – مىياۋ مۈشۈكى كۆلۈڭدا ئىكەن
كاپ – كاپ كۈچۈكى بۇلۇڭدا ئىكەن ...
چىن تۆمۈر باتۇر
باتۇرلارنىڭ باتۇرى ئىكەن.
مېنى شۇنداق باتۇر بول دەيسەن
نېمىشقا ماڭا
مىسران قىلىچ، تورۇق ئات
مىياۋ – مىياۋ مۈشۈك، كاپ – كاپ كۈچۈك
ئېلىپ بەرمەيسەن؟!

ۋەي!
مەكتەپتىكى بالىلار
قېچىش ئۈچۈن مەكتەپتىن

www.uyghurkitap.com

مەشىق قىلار يۈگۈرەشنى …

قېچىۋېرىپ ئايىغىمنىڭ چەمى تېشىلدى
مۇئەللىم تۇتۇۋالدى.
قاچماي دېسەم مەختۇمسۇلانى
يەتتە باشلىق يالماۋۇز ئۆڭكۈرىگە سولىۋالدى.
چىن تۆمۈردەك باتۇر بول دەيسەن،
نىچۇن ماڭا تورۇق ئات
كاپ ـ كاپ كۈچۈك ئېلىپ بەرمەيسەن؟!…

دېدىم ئوغلۇمغا:
ـ كۆڭلۈڭنى بۇزما،
ـ ئېلىپ بېرەي ۋېلسىپىت!

2008 ـ يىلى 10 ـ ئىيۇن. خوتەن

# ھەر جايدىن كەلدىم

مەن ھەر جايدىن كەلدىم
قۇمدىن بىر چىمدىم، توپىدىن بىر سىقىم
ھاۋادىن بىر نەپەس ئەكەلدىم.
دەرەخلەردىن سوراپ
يامغۇر تامچىلىرىنى بىرمۇ بىر ساناپ
بارلىق ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى بىر - بىرگە باشلاپ
سېنىڭ يېنىڭغا ئەكەلدىم.
پەسىللەرنىڭ نەۋباھارىنى
قۇشلارنىڭ مۇڭلۇق زارىنى
ئىيۇندىكى چىڭقى چۈشتە ھۆسنىگە تولۇپ تۇرغان
بۇغدايزارلىقنىڭ
چېكەتكىلەرنىڭ مۇھەببەتلىك كۈيلىرىدىن مەست
بولۇپ
دېھقاننى كۈتۈۋاتقان ئىنتىزارىنى
سېنىڭ يېنىڭغا ئەكەلدىم.

تاغلار بىر ياندا قالدى،
باغلار تاملاردىن بوينىنى سوزۇپ
ئارماندا قالدى.
ئاپپاق بۇلۇتلاردىن بىر ۋاراق
شاماللاردىن مەيىن تارغاق

چۆل ئۇستخانلىرىدىن ياراق
دېڭىزلاردىن ئۈنچە
ئاپتاپلاردىن تۆكۈپ بىر غۇنچە
سېنىڭ يېنىڭغا ئەكەلدىم.

ئۆلۈمىم گۈلنىڭ توزۇشىغا ئوخشمايدۇ
هاياتىم هېچبىر مۇقامدا توختىمايدۇ
ئىچىمدە مەن يالىڭاچ
ئىچىمدە مەن يايپاش...
ئىچىمدە ئۆيۈم،
ئۆيۈمدە بىر ئۆي بار
ئۆينىڭ ئالدىدا تۇرىمەن توۋلاپ؛
مۇھەببەت سىم ـ سىم ئىشكنى ئاچ
مۇھەببەت سىم ـ سىم ئىشكنى ئاچ...
مۇھەببەت ئاچىدۇ ھەممە ئىشكنى،
قىلىپ ئۇ شاھلارنى قەلەندەر
كىيدۈرىدۇ قۇللارغا تاج.
ۋادەرىخ،
مەن يالغۇز ئۆيۈمدە بولىمەن ھەيران
شاھلار ۋە قۇللارغا قاراپ نائىلاج!

شاھلارنى ۋە قۇللارنى باغلاپ
سېنىڭ يېنىڭغا ئەكەلدىم!

2008 ـ يىلى 12 ـ ئىيۇن.خوتەن



## چېچىڭ چۇۋۇق، كۆزۈڭ ياش

ئۆلۈك ئاتتەك ئېغىر
قارا تاشتەك قاتتىق.
چېچىڭ چۇۋۇق، كۆزۈڭ ياش
يىغلىدىڭ ئاچچىق...

مەن كېتىش ئۈچۈن كەلگەن
جۇدالىشىش ئۈچۈن سۆيگەن.
چالغان بۇ كۈيىنى
جىمجىتلىق ئۈچۈن.

كۆز يېشىڭغا ئىشىنىمەن
قايغۇڭغا ئىشەنمەيمەن...
بىر تال تۈگمەمنى ئېلىپ قال،
تۈگمىنىڭ تۆت تۆشۈكىدىن
بىر يىڭنىنى تۆت قېتىمدىن ئۆتكۈزۈپ
يۈرىكىڭگە سال
مەن ئۆلىمەن دەرھال
سەن سېغىنىش ئازابىدىن قۇتۇلسەن!

2008 ـ يىلى 13 ـ ئىيۇن. خوتەن

www.uyghurkitap.com



# مەن بۇ شېئىرىمنى سەن ئۈچۈن يازدىم

مەن بۇ شېئىرىمنى سەن ئۈچۈن يازدىم،
شېئىرىدىكى ئوتلۇق مۇھەببەت
جىمجىت قەلبىڭنى ئىللىتسۇن دېدىم!

سەن بۇ شېئىرىمنى ئوقۇۋاتقاندا
يۈرىكىڭ كەتسە ئويناپ
بىلگىن، تۇرغانمەن سېنى قۇچاقلاپ.
شېرىن تۇيغۇلار چىرمىسا سېنى
بىلگىن، چاچلىرىڭنى تۇرغانمەن سىلاپ.

مەن بۇ شېئىرىمنى سەن ئۈچۈن يازدىم
ئوقۇپلا ئۇنتۇپ كەت.
بەلكىم مۇشۇ شېئىر بىلەن تەڭ
ئاخىرلىشىدۇ مۇھەببەت.
بەلكىم
...

2008 ـ يىلى 13 ـ ئىيۇن. خوتەن

# شېئىرنىڭ ئارقىسىدا...

نازلار ئەركىلەپ ئارتىلدى تامدىن،
كۆڭلىكى يىرتىلدى نازۇك كۆڭۈلنىڭ.
ئاڭلىدى كېپىنەكلەر يىغلاپ ئولتۇرۇپ
مۇڭلۇق ناخشىسىنى توزۇغان گۈلنىڭ.
تاردەك تىترىدى قىل قان تومۇرى
بۇزۇلدى چۈشلەرنىڭ ئارقا مېڭىسى.
ئاغرىتىپ، ئاغرىتماي، ياماپ يىپ سالماي
كىمنى پۈتۈن قىلدى تەقدىر يىڭنىسى؟
قۇرتلار لۆمۈلدەپ تەن ئازگىلىدا
يۈرەكنى ھاياجانغا قىلدى مۇپتىلا.
چېپىپ ئارغىماقتەك قىران بارماقلار
قىلدى سازەندىنى يارغا جان پىدا...
بىنالار ئورنىدىن تۇرۇۋالغۇچە
قېچىپ كەتكۈچە قاتىل ماشىنا،
قىزنىڭ ئالمىسى
ئۈزۈلۈپ چۈشكىچە شاختىن بىردىنلا...
قويلار تەلپۈنۈپ ئەرشتىكى يايلاققا
بارغۇچە سېغىنىپ بۆرە ئالدىغا،
كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچىش ئۈچۈن
ئۆتكىچە ئوغرىدەك تامنىڭ دالدىغا...
چۈشۈپ مەن ئاسمانغا ئاتقان پىچاقلار

www.uyghorkitap.com



قانغا بويغۇچە باش ـ كۆزۈمنى،
چىقىرىپ ئادەم ئىزدەش ئىلانى
تامغا چاپلىغۇچە غەمكىن يۈزۈمنى...
چەكسىز سېغىنىش ھەم ھەسرەت ئىلكىدە
سايىدىكى ئاپئاق تاشلار بولغۇچە قارا،
چاقىرغان ئاۋازىم تىك قىيالاردىن
قايتقۇچە يېنىمغا بوپ ئەكس سادا...
مەن بۇ شېئىرنى يېزىپ تۈگەتتىم،
كەلدى دېرىزەمنىڭ ئالدىغا ئاسمان.
يەر ئورنىدىن تۇردى چۆچۈپ ئويغىنىپ،
تەڭرى
قۇچاقلىدى مېنى شۇنچە مېھرىبان!

2008 ـ يىلى 14 ـ ئىيۇن. خوتەن





## سەھەردىكى ھال

ئەتراپ لىق تولدى يورۇققا
تولدى كۆڭلۈم خۇشلۇققا.
ھاۋا ـ ئايال
تاشلىدىم ئۆزۈمنى مەۋھۇم يوقلۇققا.

يالغۇزلۇق تارقاپ كەتتى شامالدەك
ئەسلىمە خىرەلەشتى تۈتۈندەك
بۇرچ ـ سۆيمەك ياكى جاننى بەرمەك
بۈيۈكلۈك تېغىدىن سىيرىلدى يۈرەك

ياشاشنى تاللىدىم

جان تەندىكى پىنھان گۆھەردۇر
قېزىپ چىقىماققا نىيەت قىلدىم.
ئۆلۈم دۇنيانىڭ چىرىغىدۇر
شۇ چىراغنىڭ يورۇقىدا شېئىر يېزىشنى ئويلىدىم.

2008 ـ يىلى 16 ـ ئىيۇن. خوتەن

www.uyghurkitap.com



# بىر تۇپ دەرەخ

تىرەك بولغىن يا بىر تۇپ جىگدە
بولغىن قارىغاي
چۆللەردىكى توغراق بول ھەتتا
بىر تۇپ دەرەخسەن...

قۇياش سېنى بېقىپ چوڭ قىلدى
بۇلۇتلار ئېمىتتى
شامالار تاراپ قويدى چاچلىرىڭنى
شاخلىرىڭغا قونۇپ
ناخشا ئېيتىپ بەردى قۇشقاچلار

يۈگۈرگۈڭ كەلسە باللاردەك
ئۇچقۇڭ كەلسە قۇشلاردەك
قۇرۇپ كەت
قۇرۇپ كەت پەقەت!

سۆزۈمگە ئىشەن؛
بىر تۇپ دەرەخسەن!

2008 ـ يىلى 16 ـ ئىيۇن. خوتەن



# توقۇم ـ توقۇم كىتابلار

توقۇم ـ توقۇم كىتابلارنى ئوقۇپ چىقتىم
يەنە
توقۇم ـ توقۇم كىتابلار...

قۇياشقا تىكىلىپ قارىغىلى بولمىغاندەك
تىكىلىپ قارىغىلى بولمايدىغان ئاتام
دېگەن ماڭا: مەن ئۆلسەم
ئۆزۈم تىكىپ ئۆستۈرگەن تېرەك
بولسۇن مېنىڭ جىنازام...
مەن ئوقۇغان توقۇم ـ توقۇم كىتابلاردا
بۇنداق جۈملە يوق.

مەن ئامراق ئاپئاق كىتابقا
بۇ كىتابتا
خۇدانىڭ دۇنيا ۋە كائىناتنى ياراتقاندىكى
سىر، ھېكمەتلىرى بار.

2008 ـ يىلى 16 ـ ئىيۇن. خوتەن

www.uyghurkitap.com



# قوشنام

مېنىڭ قوشنام ئايال
مېنىڭ قوشنام ئەتىرگۈل
مېنىڭ قوشنام ئۆمۈچۈك
مېنىڭ قوشنام چۈمۈلە...
ئارىمىزدا بار بىرلا تام،
ئۇ تامنىڭ ئۇ تەرىپىدە
مەن بۇ تەرىپىدە.

ئۇ مېنى ئىشقا بۇيرۇيدۇ
مەلىكە
زەڭگى قۇلنى ئىشقا بۇيرۇغاندەك.
ئۇ مېنى تېپىشماق تاپقىلى سالىدۇ
ئۇ مېنى
ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى بارسا كەلمەس يولغا
ئەۋەتىدۇ
ئۇنىڭ جاھاننەما ئەينىكىدە
مېنىڭ ھەممە ئىشلىرىم كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ...

ئېھ، مەن خۇشال قۇل بولغىنىمغا،
قۇل بولغاندەك خاقان
ساھىبجامال ئايالغا.



مەن شاھلىق لىباسىمنى كىيىپ، ئالتۇن تەختىمدە
ئولتۇرۇپ
ئەمىر ـ لەشكەرلىرىمنى يۇكۈندۇرۇپ، بارلىق خالايىقنى
باش ئۇرغۇزۇپ
قوشنامغا ئېھتىرام بىلدۈرىمەن:
ياشىغايلا
ياشىغايلا
تۈمەن مىڭ يىل ياشىغايلا!...!!

ـ ئىھھى، ئىھ...
قوشنام ئېھتىرامىمنى قوبۇل قىلدۇ
تامنىڭ ئۇ تەرىپىدە.

2008 ـ يىلى 18 ـ ئىيۇن. خوتەن



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 18 ـ ئىيۇن چۈشتىن كېيىن

18 ـ ئىيۇن چۈشتىن كېيىن يورۇڭقاش دەرياسى بويىدا
بىر قىز ياتار يالغان ئۇخلاپ
لەۋلىرى سۆيۈشۈمنى كۈتەر ئۆركەشلەپ...

ئەپسۇس، ھېچنېمەم يوق
سەدىقە بېرەلمەيمەن.
پۈتكۈل قەلبىمنى ئاختۇرۇپمۇ
ئۇنى سۆيگۈدەك ھېچبىر سەۋەب تاپالمايمەن.
ئۇ: ماڭا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولۇڭ، دەيدۇ،
لېكىن
مەن بىر ئۆمۈر ياشىيالمايمەن!

قۇياش غەربى ئۇپۇققا قىيسايدى
ئۇ كۆزلىرىنى قىيا ئاچتى
ئۈركۈپ كەتكەن بىر توپ كىيىكلەر قاراقۇرۇم تاغلىرى
    تەرەپكە قاچتى
ئۇنىڭ نازلىق ئىڭرىغان ئاۋازىنى ئېلىپ كەتتى
دولقۇنلار
تەكلىماكانغا...

كەچۈر، مەن بىر سەيياھ



ماڭغىنىم جەننەت يولىدۇر،
مەنزىلىم بەلكىم دوزاخ.
ياتقان يېرىم ئۆيۈمدۇر،
ماكانىم يوق ئورنۇمدىن تۇرسام.
قۇچاقلىسام ئالەم مېنىڭ،
ھېچنەرسەم يوق بۇ ئىشقتىن ئويغانسام...

قانداق كەلگەن بولسام شۇنداق كېتىمەن!

2008 ـ يىلى 19 ـ ئىيۇن. خوتەن



www.uyghurkitap.com



# قۇيۇنتاز

## 1

مەن بولۇپ قالىمەن گاھى مەن بولماي
قۇم پوتام، قۇم دوپپام... مەن بىر قۇيۇنتاز.
قارغىغان بولۇشى مۇمكىن مەلىكە
قەدىمكى زاماندا بولۇپ ئېھ، ماڭا
ئاشىق ـ بىقارار؛
قوناقلىقتا قوناق قۇيۇنتاز،
بۇغدايلىقتا باشاق قۇيۇنتاز.
يۈزىنى يۇمغان دەرياغا بېرىپ
بۆكىنى چۆلدىكى يۇلغۇنغا بېرىپ
كونا تام تۆشۈكى ئىچىگە كىرىپ
سالغان تاز بېشىغا ياماق، قۇيۇنتاز.
ئىچىڭدىن قايىنىغان قانداق قۇيۇن ئۇ،
تولغىنىپ زارلىغان قانداق ئويۇن ئۇ؟
چۆلدىكى تۈگمەس تۆگىنى كۆرۈپ
مۇقامنى نەمۇ نە يېتىلەپ يۈرۈپ
گاھىدا تىرىلىپ، گاھىدا ئۆلۈپ
قوشاقتا قوشۇلغان ئۇماق قۇيۇنتاز...

## 2

بىر تۇپراق ئۈستىدە بىر ئاسمان بولۇر
بىر خەلق ئۈستىدە بىر پەرمان بولۇر
بىر قەلب ئىچىدە بىر ئارمان بولۇر.
ئەگەر بىر بولمىسا، ئۇ ئىككى بولسا
ئەردە نە ئىمان بولۇر، ئەلدە نە سۇلتان بولۇر؟...
قىرى جىن تىلىقىپ قالدى گۈگۈمدا
رەڭلەندى مۇھەببەت شەھۋەت دېغىدا.
كۆڭۈلگە كىرگۈدەك بىر يول قالمىدى،
شورىلار كۆپەيدى يارنىڭ بېغىدا.
قۇياشقا ئوت يەتمەس، دەريالارغا سۇ،
تۇپراقنى كۆيدۈردى يامغۇر تامچىسى.
توزۇدى كىرلىكتەك ئاپئاق قانسىراپ
قىلىچنىڭ بېسىدا جاننىڭ غۇنچىسى.
مەن يەنە ئالەمدىن سورايمەن نېمە
ئۆزۈمدە باشلىنىپ، ئۆزۈمدە تۈگەپ؟
جىنلىرىم كېلىڭلار، ئاڭلاڭلار قوشاق
ئاھ، يېتىم ئوغلاقتەك يۈرمەي تەمتىرەپ؛
ئاسمانغا تاقاشقان خادا قۇيۇنتاز،
قوشقىلىق ھەممىگە يادا قۇيۇنتاز.
جىنلىرىڭ قىزلارغا تارغاق قۇيۇنتاز
تاز بېشىڭ تارغاققا ئامراق قۇيۇنتاز.
بارغىلى يېرى يوق، كەلگەن يېرى ھەم
گاھ غەمسىز ئەجەل ھەم گاھ سەرسان ئەجەم
گاھ غېرىب دىۋانە، يۈرگەن بىگانە
ئەگەشكەن كەينىدىن سانسىز شاھ سەنەم،

www.uyghurkitap.com

گاھ يۈرگەن مەشرەپتەك توۋلاپ پىغاندا!
چۆل ـ سايلار دەپتىرى، گىياھلار قەلەم ،
كۆڭلى تۈز، پۈت ـ قولى مايماق قۇيۇنتاز...
قۇيۇنتاز، قۇيۇنتاز، بىللە كېتەيلى
جاندىكى جانانە ـ جانغا يېتەيلى
قۇمغا قۇم، توپىغا توپا سېپەيلى
سەن سېنى، مەن مېنى باغ ـ باغ ئېتەيلى...
توختا قۇيۇنتاز، توختا قۇيۇنتاز
توختا قۇيۇنتاز، توختا قۇيۇنتاز!

2008 ـ يىلى 20 ـ ئىيۇن. خوتەن



# مۇھەببەتنىڭ دوزىخىدا ئۆچۈپ قالماس ئوت

يارى جاندىن چىقىپ كەتسە يالغۇز ئۆلمەس كىم،
دۇتار چالغان كىمكىن باغدا مەستخۇش، مۇلايىم؟
بەرمەسمۇ ھە، تاشقا سادا، تۇپراققا ناۋا
قارىغۇغا ھاسا بەرگەن قادىر خۇدايىم؟!
بىر جان بىلەن بىر جان ئىكەن ئاشىق ـ بىقارار،
قاتىل كۆزلەر چاقناپ تۇرار يۇلتۇزلار ئارا.
ھەر بىر گۈلنىڭ نەپرىتىدە تىكەنلەر قىلىچ،
ساقىيارمۇ يۈرەكتىكى جاراھەت ـ يارا؟
سىلاپ ياتسام يۇلتۇزلارنىڭ نەم چاچلىرىنى
يورۇپتۇ تاڭ، كۈلۈمسىرەپ غەمگۈزار ئاپتاپ.
شاد كۆڭلۈمنىڭ دەرۋازىسى كەڭرى ئېچىلىپ
قۇياش نۇرى يۈزلىرىمنى تۇرۇپتۇ سىلاپ...
دىللار مۇزلاپ، بۇ ئالەمنى قاپلىماسمۇ جۇت
مۇھەببەتنىڭ دوزىخىدا ئۆچۈپ قالسا ئوت؟
ئۆكۈنمەيمەن، ئەسلەپ تۇرار مېنى مەڭگۈگە
چۈنكى يارىم دېدى ماڭا: ئۇنۇتقىن، ئۇنۇت!

2008 ـ يىلى 23 ـ ئىيۇن. خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۇ كىرنى يۇيۇپ بولدى

ئۇ كىرنى يۇيۇپ بولۇپ كۆزۈمگە سوئال نەزىرىدە قارىدى
مەن ئۇنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي، دېدىم
ئۇ: ئۆيۈم يوق دېدى.
مەن:
ئۆيۈمدە قىز بالا قونۇپ قالسا بولمايدۇ
ئەمسە كەچ بولۇشنى ساقلايلى
قۇياش كۆرۈپ قالسا تىللايدۇ،
ئاي يىغلايدۇ
يۇلتۇزلار دېرىزىدىن مارايدۇ دېدىم...

دوستۇم؛
ھېسسىيات ئەخلەتخانىسىدىكى تاشلىۋېتىلگەن گۈللەر
قەلب دەرۋازىسىدىكى داتلىشىپ كەتكەن قۇلۇپلار
مۇھەببەت
ۋەتەن
قىپقىزىل پۇللار...
ھېچنېمىدىن ۋاز كەچكىلى بولمايدىكەن.
يىرىم كېچىدە ئويغىنىپ كېتىپ
ئۆلۈمنى يادىغا ئېلىپ
تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىغىلى بولمايدىكەن.
سۇنىڭ سۇدا



ئوتنىڭ ئوتتا
ئادەمنىڭ ئادەمدە ئىكەن
ھەممە نېمىسى...

دوستۇم ؛
سەن ھاڭگا تېرەكتەك ئادەم
مەنمۇ ھەم.
كىر يۇغۇچىلارغا يامان كۆزىمىزدە قارىمايلى
ئۇلار ئىشتاندەك يىرتىلىپ كەتمىسۇن.
ئۆيى بولمىسا ئۆيىمىزدە قوندۇرۇپ قالايلى
كېچىدە يۇلتۇزلاردەك چېچىلىپ كەتمىسۇن.
ئەگەر ئۇلار مۇھەببەت تەلەپ قىلسا
بولسا بىر ئۆمۈر يەتكۇدەك بېرەيلى
بولمىسا
كەچۈرۈڭ، دەيلى.

دوستۇم
ئۇ كىرنى يۇيۇپ بولدى

2008 ـ يىلى 30 ـ ئىيۇن. خوتەن

www.uyghurkitap.com

## كۆڭۈلنىڭ كەينىدە

تامنىڭ كەينىدە
كۆڭۈل،
كۆڭۈلنىڭ كەينىدە
ئىتلار، ئېشەكلەر...

كۆڭۈلنىڭ كەينىدە
گۈل ئېچىلىۋاتقان
سېتىلىۋاتقان
تېشىلىۋاتقان
ھاسسىنى تورۇكلىتىپ قەلەندەر دۇنيا
ساپايە چېلىۋاتقان...

كۆڭلۈمنىڭ كەينىدىمەن،
خىيالىمدا
مەي باغلىغان سەمەرقەند ئالمىسى!

2008 ـ يىلى 9 ـ ئىيۇل. خوتەن



# ھېچكىم كۆرمىدى

يىغلاپ تۇرسام سانسىز يۇلتۇزنىڭ
ئارىسىدا بىر يۇلتۇز بولۇپ
ھېچكىم كۆرمىدى...

پايپىقىمنىڭ يىرتىقى مەخپىي
گويا پىنھان ئازابلىرىمدەك.
ئايان لېكىن خۇشاللىقلىرىم
كۆڭلىكىمنىڭ كىر ياقىسىدەك.
كوچىلاردا ماڭغاندا يۇدۇپ
يەلەمدىكى ئېغىر قۇياشنى،
كۆرمىدى ھېچكىم
كۆزۈمدىكى بىر تامچە ياشنى.

شامال ياكى قەلەندەر
ئىشىك چەككىنى.
ئايال ياكى شېئىر
مېنى مەندە قىلغان مۇساپىر.
يۇرسەم تەنھا مۇساپىرلىقتا
بىر تەنھا ئىت ئەگەشتى ماڭا،
دېدى ئىت قاۋاپ:

www.uyghurkitap.com



مەن بىر شائىر، ئىتلار شائىرى
بىزار بولغان قاتتىق سۆڭەكتىن
بىزار بولغان يۇندا ـ يالاقتىن
بىزار بولغان زەنجىر، تاياقتىن
بىزار بولغان
ئىتلار ئۈچۈن توقۇلغان داستان
بولۇپ ئوت ـ گۈلخان
كۆل بولغاندا ۋاراق ـ ۋاراقتىن.
مېنى چۈشەنمىگەن ئىتلار
مەڭگۈ ئىتتۇر
ئىتتۇر مەڭگۈ ئادەملەر ئىچرە...
سەنچۇ، سەن ئەي يالغۇزسەن ئىتتەك
شېئىر يېزىپ ئادەملەر ئارا
يۈرىكىڭنى باستىمۇ يارا؟
بىر قىز ئۈچۈن
ئوقۇدۇڭمۇ دۇنياغا لەنەت؟
قەبرە دېدىڭمۇ قەلبىڭنى يارغا
باستۇرۇپ كەلگەندە ساڭا مۇھەببەت؟!
ياكى ھايات سىرلىرىنى پاچاقلاپ
بارچە ئۇلۇغلۇقلارنى ئارقاڭغا تاشلاپ
كېتىۋاتامسەن ئۆزۈڭگە قاراپ؟!...

دېدىم: ھاۋ، ھاۋ
مەن بىر ئوغرى.
قاپقاراڭغۇ سۆز زىندانلىرىدىن
ئىشىك ـ تۈڭلۈكسىز مەنە ئايۋانلىرىدىن



پەلسەپىدىكى جەسەتلەرنى ئاتلاپ
لوگىكىدىكى ھېچكىم بايقىمىغان چىقىش ئېغىزىدىن باشلاپ
شېئىرنى چىقتىم ئوغرىلاپ
ھېچكىم كۆرمىدى...

2008 ـ يىلى 9 ـ ئىيۇل. خوتەن

www.uighurkitap.com

# يامغۇردىن كېيىن

نەم چاچلارنى سىلىدى شامال
ياغدى ئايال ئۆزىگە سىم ـ سىم.
ئاچتى گۈللەر كۆزىنى قىيا،
گىياھلاردەك تىرىلدى بىر كىم.
يىرىقلىرى قاندى ھەۋەسكە
مەستخۇشلۇقتا تېپچەكلىدى يەر.
شاخلىرىنى ئېتىپ ھەرياققا
توۋلىغانچە قالدى دەرەخلەر...

2008 ـ يىلى 10 ـ ئىيۇل. خوتەن



# مۇھەببەتكە ماۋجۇشمۇ ئامالسىز

كۆرگىن كۆزۈمنى كۆكتە قۇياشتىن
كۆرگىن يۈزۈمنى تاڭدا ئاپتاپتىن
كۆرگىن تېنىمنى يەردە ھوشسىز ياتقان
كۆرگىن جېنىمنى ئالقىنىڭدا...

شاماللار خەۋىرىمنى يەتكۈزىدۇ
قۇشلار ناخشامنى.
بۇلۇتلار كۆز ياشلىرىمنى يەتكۈزىدۇ
قەبرىستانلىقتىكى يۇلتۇزسىز ئاسمان
كۆرسىتىدۇ پىراقىڭدا
مەن چېقىۋەتكەن زۇلمەتلىك جامنى...

ئەينەكلەر سېنى يەۋاتقاندا
ماشىنىلار سېنى ئېلىپ قېچىۋاتقاندا
ئېگىز بىنالار سېنى پەشتاق قىلىپ ئۆرلەۋاتقاندا
قاراپ تۇردۇم،
نىچاغ، دېرىزىلەردىن يىراقلاشتىم...

سەن ئامراق پۇل،
نەقەدەر ئامراقسەن؟!...

بارلىق پۇللاردا

خيالغا تولغان كۆزلىرى بىلەن كۇلۇمسىرەپ قاراپ
تۇرار ئىكەن
دانا داھى ماۋجۇشى!
...
دېدىم ئاڭا: مەن بىر ياۋاش پۇقرا
قانۇنغا رىئايە قىلىمەن
پارتىيەنى ھىمايە قىلىمەن.
پۇلغا قاراپ ھەر قېتىم سىزنى كۆرگىنىمدە
ئېسىمگە كېلىدۇ باللىقىمدىكى ئۇرۇش كىنولىرى
كىنولاردىكى
ئېتىلىۋاتقان مىلتىقلار
توپ ـ زەمبىرەكلەر
ئۆلۈۋاتقان جەڭچىلەر ۋە ئۇلار قۇچۇۋاتقان شان ـ
شەرەپلەر
ۋە ئۇنىڭغا شەيدا بولۇپ
شەرەپلىك ئۆلۈشكە ئىنتىلگەن باللىق قەلبىم...
سىز قۇرغان ۋەتەندە ياشاۋاتىمەن
سىز قۇرغان پارتىيەنى ھىمايە قىلىمەن
لېكىن
نېمىشقا
يارىمدىن ئايرىلىپ قالىمەن؟!...

ماۋجۇشى كۈلۈمسىرەپ قويدى
ھېچنېمە دېمىدى.

ئامرىقىم،
مۇھەببەتكە ماۋجۇشىمۇ ئامالسىز ئىكەن
ئامالسىز ئىكەن...



بۈگۈن ئاخىرقى كۈن،
بەلكىم ئۆلۈپ كېتەرمەن
مۇھەببەتنىڭ توپ - زەمبىرەكلىرىدە.
كۆتۈرۈلمەس مەڭگۈ ئېسىڭدىن
مەن قۇچقان شان - شەرەپلەر.
بەلكىم
غايىب بولارمەن ئىز - دېرەكسىز
ئىس - تۈتەك ئىچرە...

2008 - يىلى 10 - ئىيۇل. خوتەن



www.uyghurkitap.com

## مەن مەن ئۈچۈن...

مەن چوقۇم ئىتلار بىلەن بىر تۇغقان ئەمەس
كۆزلىرىم يۇلتۇزلاردىن نۇر ئالغان ئەمەس.
مەن مەن بولۇشتىن ئىلگىرى ھېچكىم ئىدىم،
مەن مەن بولغاندىن كېيىن
باشلانغان سەرسانلىق، ئازاب ـ ئوقۇبەت...

خوشلاشمىسام نە مەنسى مۇھەببەتنىڭ،
ئۆلىدىغان تۇرسام، نېمە قىلىمەن مەنە ئىزدەپ
ھاياتتىن؟
نېمە قىلىمەن ئۇزاق ياشاپ،
بۇ مەنزىلگە كېچىكىپرەك بېرىشتىن باشقا ئىش
ئەمەس!

مەن مەن ئۈچۈن
باشقىسى يالغان!...

ئىشىك ـ دېرىزىسى يوق بىر قاراڭغۇ كامېردۇر قەلب،
ئادەملىكتىن كېچىشلا پەقەت
قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى...

2008 ـ يىلى 11 ـ ئىيۇل. خوتەن



# مېنىڭ ئالىمىمدە قۇياش يۇملاق

مېنىڭ ئالىمىمدە قۇياش يۇملاق
سېنىڭ ئالىمىڭدىكى قۇياشقا ئوخشاش.
مېنىڭ ئالىمىمدە بىر تال يۇلتۇز بار،
مېنىڭ يۇلتۇزۇم ئۇ، پەقەت مېنىڭلا...

مېنىڭ ئالىمىمدە يېرىم كېچە يوق،
ۋاقىت يوق ياشلىقنى قىلغۇچى خازان.
ئۆلگەنلەر كېلىدۇ جەننەتتىن بەزەن
دوزاخ ئازابىنى قىلىشىپ بايان.
ئۇلار قايتىشىدا ئۇنتۇپ قالىدۇ
باشلاپ كەلگەن ھۆر - پەرىلەرنى.
لېكىن مەن ئۇلارغا قويمايمەن قاراپ،
جەننەت ھۇزۇرىنى بەرسىمۇ ئۇلار
بىرەلمەس چۈنكى سەن كەبى زىنھار
دوزاخ ئازابىنى...
دوزاخنىڭ ئوتلىرى تۇرمىسا كۆيۈپ
باسامدۇ مۇدھىش سوغۇق زىمىستان؟
دىللار سوغۇقتىن قالامدۇ مۇزلاپ،
مۇھەببەت بولامدۇ سەرگەردان؟!...

www.uyghurkitap.com

مېنىڭ ئالىمىمدە مېنىڭدىن باشقا
يوق بىرمۇ دوزاخنى كۆيلىگۈچى،
يوق بىرمۇ جەننەتتىن كەلگەن ئۆلۈكلەر
ئوقۇغان شېئىرلارنى چۈشەنگۈچى ھەم.
ھەر قېتىم ئاشۇ شېئىرلاردىكى
دوزاخ ئازابىدا قىينالسا جېنىم
سېنى ئەسلەيمەن ئوماق پەرىشتەم.

2008 ـ يىلى 11 ـ ئىيۇل. خوتەن





## فابرىكىدىكى ئون ئۈچ ناخشا

(داستان)

فابرىكىدا ئون ئۈچ يىل
كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئۇلاپ،
پەرىشتىنىڭ گەز لەۋلىرىگە
قاندەك ئېقىپ، سۇدەك تامچىلاپ،
ئۇرچۇقلارغا يۆگەپ جېنىمنى
ئالقىنىمدا كىرىپ ئايەتكە
قارا قىلىپ ئاپئاق پاختىنى،
چېلەك ـ چېلەك يۇلتۇزلار بىلەن
سوغۇق سۇغا قىلىپ ئىلتىجا
ئوقۇدۇم مەن بۇ ناخشىلارنى؛

## 1990 ـ يىلى ياتىقىمدا سەككىز چاشقان بار

ياتىقىمدا سەككىز چاشقان بار
بىر ـ بىرىدىن سېمىز ۋە ئوماق.
قىز بالىنى بىلمەيمەن تېخى،
چۈش كۆرمەيمەن ھەتتا بىسوراق.
بېقىشلىرى قىزلارنىڭ قىيا

لەپەڭلەتسە تىرەك شىخنى،
ئۆركۈتتۈم مەن شېئىرلار يېزىپ
روھىمدىكى قارا قاغنى.

## 1991 ـ يىلى سېخقا قاراپ ماڭدىم ئالدىراش

تۇن كېچىدە گۇدۇك ياڭرىتىپ
سۆيلەپ كەلسە كونا قەرزنى،
چۈشلىرىمدىن چىقىپ يالىڭاچ
سېخقا قاراپ ماڭدىم ئالدىراش.
ئەتراپىمدا تامام ئەرۋاھلار
ناخشا ئېيتار گاھى ئېسەدەپ.
كېيەن ئۆچۈن پەقەت بىر مېتىر
هايات ئالغا ماڭار تىرەجەپ.

## 1992 ـ يىلى ئۆچۈپ قالدى چىراغلار

قاراڭغۇدا چاقىردى بىر قىز،
قورققانسىرى قاراڭغۇدىن مەن
ئۆچۈپ قالدى چىراغلار تېز ـ تېز...

## 1993 ـ يىلى ئولتۇرغىنى كىم ئۇ مەن بىلەن

ئولتۇرغىنى كىم ئۇ مەن بىلەن
باغچىدىكى تاش ئورۇندۇقتا؟

كېتىپ قالدى پارە ـ پارە بوپ
چىدىيالماي يالغۇزلۇقۇمغا...

## 1994 ـ يىلى سۆيىمەن دېدىم يەتتىنچى قىزغا

ياشلىرىمنى چاچتىم كوچىغا
ئەتىرگۈللەر ئۈندى ئاجايىپ.
سۆيىمەن دېدىم يەتتىنچى قىزغا
يەتتە قەدەم كەينىمگە داجىپ...
باشلىغانتى سېسىشقا يۈرەك،
شالاقشىيتتى يېرىم چېلەك قان.
مېنى دائىم تاشلىۋېتەتتى
تاشلىۋېتەتتى دائىم ھاياجان.

## 1995 ـ يىلى بىر ۋېلسىپىت

بىر ۋېلسىپىت
ئۇچراشتى بىر ۋېلسىپىت بىلەن.
مىندۈرۈپ ئۇ سەككىزىنچى قىزنى
يۈرىكىمگە سوقۇلدى قەستەن.
شۇندىن بىرى باشلاندى ئازاب،
شۇندىن بىرى
بۇ ئالەمگە قويمىدىم قاراپ...

چۈشۈمدىكى قاتىل پىچاقلار
يالتىرايتتى سۆڭەكلىرىمدە

كۆزۈمدىكى قارا كېچىلەر
يۇلتۇزلارنى قىلالتتى غېرىب

قىلدۇق قەسەم
بىللە ياشاپ، بىللە ئۆلۈشكە
بىللە يىغلاپ، بىللە كۈلۈشكە.
بىللە
ھەر بالالار كەلسە كۆرۈشكە...
گەرچە ئۇلار بولسىمۇ يالغان،
ھېس قىلالتتىم راستتەك مەن ئۇنى
يارىم بىلەن سۆيۈشۈۋاتقاندا.

## 1996 ـ يىلى شېئىر ئوقۇپ بولدۇم بىچارە

خوش دېگەن شۇ بىر ئېغىز گېپى
ئۆلتۈرۈۋەتتى دادامنى

مۇھەببەت ،
ساڭا ئاتاپ يازغان شېئىرلار
گۆر بولدۇ ساڭا ئاقىۋەت...

قانچە قېتىم قىلسامۇ قەسەم
قىز ئالدىدا يىغلىمايمەن دەپ،
شېئىر ئوقۇپ بولدۇم بىچارە
مۇڭلىرىمنى مۇڭلارغا بۆلۈپ.
بەلكىم

قېچىپ كېتەر قىزلار يېنىمدىن
قورقۇپ مېنىڭ شېئىرلىرىمدىن...

## 1997 - يىلى تاڭ ئاتمىدى شۇنىڭدىن باشلاپ

تويۇق بولدى دېدى قاغىلار
تويۇق بولدى بۇلبۇللار.
مەن پەقەتلا بىر سىقىم قالغان
ئايئاق تاڭدا ئېچىلغاندا گۈل.
مەن ھېس قىلغان تۇنجى مۇھەببەت
ئاخىرلاشقان، يوقالغان پۈتكۈل...
ئىچكەنسېرى چاڭقىدىم چۆلدەك،
ئاتەش ئىكەن ۋېسال شارابى.
باغلاپ مېنى ئىشتان بېغىدا
شېئىرلاردا قىلدى سازايى...
زېرىكتىم مەن ئۆلۈۋېرىشتىن
باشقا ئامال يوقكەن ياشاشقا.
ئۇيات!... دېدى روجەككە باقسام
قوللىرىمنى سوزۇپ قۇياشقا...
تاڭ ئاتمىدى شۇنىڭدىن باشلاپ
ئۆتتى ئۆمرۈم يېرىم كېچىدە.
كوچىلارغا چىققۇم كەلمىدى
مەھبۇسلاردەك ياشىدىم گويا
قۇياش پاتقان ئۆينىڭ ئىچىدە.

بىر كۈنى ئۇ يېتىلەپ مېنى
ئېلىپ بازارغا،

تۇتۇپ ماڭدىم قولنى مەھكەم
ئەنسىرەپ تۇيۇقسىز ئېزىپ قېلىشتىن.

## 1998 ـ يىلى توختىمايدۇ فابرىكا

توختىمايدۇ فابرىكا

زېرىكىشىنىڭ ئۈنتەك ئاۋازى
ياشىماقنىڭ نائىلاجلىقى...
كونا ئايال يىرتىلغان قات ـ قات
مەن باغرىدا قالغاندا ئۇخلاپ،
تاملار پۇچۇق، پاخال ئۆگزىدە
قۇياش نۇرى چەككەن داد ـ پەرياد...

قېچىپ كېتىمەن

رەزىل ئاسمان باغرىڭنى ئاچما
يالغان گۈللەر خۇش پۇراق چاچما
تۇپراق... بولدى، ۋەتەنگە قايتما...
سۆڭەكىمنى غاجاۋاتىمەن
يەۋاتىمەن گۆشۈمنى ئۆزۈم.
قانلىرىمنى ئېچىۋاتىمەن
ئاقارمايدۇ مېنىڭ بۇ يۈزۈم....

توختىمايدۇ فابرىكا

مېنىڭ كېچەم، يۇلتۇزلۇق كېچەم
كۈندۈزلىرىم يورۇق، بىپايان.

مېنىڭ مەندە تۇرغان ھېچنېمەم،
مەندە بىر پەس تۇرمىغان جاھان...

قېچىپ كېتىمەن
توختىمايدۇ فابرىكا،
خوتۇنۇمنىڭ قارا كۆزلىرى
يىقىلىدۇ ئاياغلىرىمغا:
كەتمە
سەن كەزگەن ئۇ چۆلدە يوقتۇر ھېچنېمە!

## 1999 - يىلى ئوغلۇمنىڭ قولى

بارىدىغان بولدۇم تويلارغا
بارىدىغان بولدۇم ماتەمگە
بارىدىغان بولدۇم يەسلىگە
بارىدىغان بولدۇم...

ئوغلۇم يۇمران قوللىرى بىلەن
يۈزلىرىمنى تۇرغاندا سىلاپ،
تىترەپ كەتتىم گويا بىر قاتىل
دېرىزىدىن كىردى ۋارقىراپ...
گوياكى بىر ۋەھشىي قاراقچى
چۈشتى تاغدىن قىلىچ ئوينىتىپ،
قاپتەك قىلىپ يۈرىكىنى ئاھ
كىردى ئوغرى تامدىن ئارتىلىپ...
ئوغلۇم تۇرار يۈزۈمنى سىلاپ،
ئوغلۇمنىڭ قولى



يەنە نەچچە ئون يىلدىن كېيىن
كەتمەن تۇتۇپ قاتقان، قاپارغان...

## 2000 ـ يىلى ھېس قىلدىم مەن ئاجىزلىقىمنى

تونۇش ئۆلۈم، نەقەدەر تونۇش،
تىنىقلىرى ئېرىتتى جاننى.
قۇچاقلىدى، سۆيدى، ئاھ ئۆلدى
ھاياتىمغا تاشلاپ پىغاننى.
...
ئاپتوبۇستا لىپمۇ لىق ئايال
كوچىلاردا، رەستىدە ئايال
كۈندۈزدە ھەم تۈنلەردە ئايال
ئەينەكلەرنىڭ كەينىدە ئايال...
شۇنچە ئۇلۇغ تەقدىر ئىلاھى
قورقۇنچلۇق يالغۇزلۇق بىلەن
ئاياللارنى چاچقان يۇلتۇزدەك،
ھېچنىمە يوق تەنلەت بىھۇدە
يۈرەكتىكى قان ئازگىلىدا
تېپچەكلەيدۇ ياۋۇز كېلىچەك.
بىلدىم شۇندا ئاجىزلىقىمنى؛
بىنالارنىڭ ئېگىزلىكىدە
ماشىنىلارنىڭ ئۇچقۇر چاقىدا
پۇل ۋە ھوقۇق
ئۇزاپ كەتكەن ئادەملەر
قېرىپ قالغان دەرەخلەر ھەممە

توقۇم ـ توقۇم كىتابلار
يار ئۆلدى دەپ توۋلىغان تاغلار
ساچىن يۇلۇپ يىغلىغان باغلار
شېئىر يېزىپ ئولتۇرغىنىمدا
قىپيالىڭاچ قانخور رېئاللىق
دېرىزىدىن ماراۋاتقاندا
ھېس قىلدىم مەن ئاجىزلىقىمنى...

## 2001 ـ يىلى تۇنجى قېتىم چىقتىم ئۆيۈمدىن

تۇنجى قېتىم چىقتىم ئۆيۈمدىن

خازانلاردەك يېنىك، قەدىرسىز
تاغلاردەك تىك، دەريادەك ئويغاق،
ئۇخلاپ قالغان كوچا چىرىغى،
توزۇپ كەتكەن قۇمدەك نام ـ ئاتاق...
خۇشاللىقىم خۇشالدۇر شۇنچە
كۆڭلىكىمنىڭ كىر ياقىسىدەك،
نەگە بارسام مەن بىر سەرگەردان
گاھ چۈمۈلە، گاھى كېپىنەك...
ياتقان يېرىم چۆلنىڭ چۈشلىرى
ئېسىلغىنىم ئاينىڭ كىرپىكى،
قەلەندەردەك ئۆزۈمنى تىلەپ
ئىشىكلەردە تۇردۇم سەممىي...

ئاھ! نەقەدەر كەڭرى جاھان بۇ،
تۇيغۇمدىكى چىغىر يول بىلەن

www.uyghurkitap.com

بىرىپ قالدىم ناتونۇش يەرگە.
بىر ئايالنى ۋەتىنىم دىدىم
چۆمۈپ تۇرۇپ قاپقارا تەرگە.
تاشلاپ كەتتى لېكىن ئۇ ئايال
كەلمەي تۇرۇپ ياۋ قوشۇنلىرى،
چىكىنمىدىم لېكىن سۆيگۈدىن
قەلبىمنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدە
تىركەشتىم مەن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق...

ئىككى كۆزۈم ئىككى دۇنيانىڭ
دېرىزىسى نۇرلۇق شۇ قەدەر،
ئىكەن مېنىڭ ئىككى قۇلىقىم
ئاڭلىغۇچى دائىم شۇم خەۋەر.
دېمىسىمۇ تىلىم بىر سۆزنى
زورلايدىكەن خىيال سۇرۇشكە.
ياشا دېسە يۈرىكىم دائىم،
زورلايدىكەن كۆڭلۈم ئۆلۈشكە...

قولۇم ئات، پۇتۇم قامچا...
ناخشا تۈگەپ قالدى ۋەلېكىن
كۆرۈنمىدى يولنىڭ پايانى
كۆرۈنمىدى يارنىڭ جامالى

## 2002 ـ يىلى ئاخىرقى ناخشا

كاكا سالتاڭ چىقتىم كوچىغا
ئۆيۈممۇ يوق، خوتۇنۇممۇ يوق.

بۇ دۇنيانىڭ ماڭا بەرگىنى
بولدى ئاخىر بىر پاي نېسى ئوق...
پەريادىمنى تىڭشىدىم ئۆزۈم
گۈل ئېچىلدى يالغۇزلۇقۇمدا.
قېچىپ كەتتى ئاياغ ئىزلىرىم
تاشلاپ مېنى يىراق ئۇپۇققا.
بىر كۈنى
قۇملۇقلاردىن ئاڭلاندى ناخشام،
قاتىل ئەمەس ئېگىز بىنالار
رەزىل ئەمەس ماشىنىلار
ياۋۇز ئەمەس ئاياللار
سەن رەزىلسەن، پۇلۇڭ يوق چۈنكى
دېدى بازاردىكى شامالار...

تۇيۇقسىز
قارار قىلدىم ياشاۋېرىشكە

ئەگەر دۇنيا بولسا يۇملاق
نە هاجىتى سوقا دېيىشنىڭ

قىزىل بولسا ئەگەردە قۇياش
قىزىل بولسۇن، ئۆزىنىڭ ئىشى

يوللار مەيلى بارسىمۇ نەگە
توختار ئاخىر ئاياغ ئاستىمدا

تۈنۈگۈن
كېچە يولىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇردى مېنى ئۈچ ئادەم؛
ۋاق - ۋۇق
گالاچ - گۇلۇچ!...
ئۇلارنىڭ مېنى ئۇرۇشى
ئەخلاققا خىلاپ ئەمەس،
چۈنكى
ئادەم دېگەننى ئادەم ئۇرىدۇ.
ھەر ئادەمدە باردۇر ئىككى قول
ئىككى قولدا باردۇر ئون بارماق،
ئون بارماقنى يىغسا بىر يەرگە
ئىككى دانە مۇشت بولىدۇ.
ئۇ
تەننىڭ ئېھتىياجى،
دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە
ھەتتا خوتەندە
تاياق يېگۈچىلەر
خۇشال - خۇرام ياشاپ يۈرىدۇ...
ھازىرغىچە
ئۇرۇپ باقمىغان ئىدىم
تاياق يەپ باقمىغان ئىدىم
ئېھ...
نەقەدەر نومۇس
خۇدانىڭ ئالدىدا
قۇياشنىڭ ئالدىدا
ئايالارنىڭ ئالدىدا ھەتتا...
ئاقلىغاندەك چوڭ بىر نومۇسنى
ئۆگىنىۋالغاندەك ياشاشنى

دەس تۇرۇپ لاي ـ پاتقاق ئىچىدىن
ماڭدىم ھاياتقا.

ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرسام
قۇياش چىقىپتۇ شەرقتىن

تۇنجى قېتىم
ئادەم بولۇپ چىن ۋە سەممىي
قەلەندەرلىك تونۇمنى تاشلاپ
چۆرۈۋېتىپ شاھلىق تاجىمنى
دەپتىرىنى يىرتىپ ئىشقىنىڭ
ماڭدىم ئاقسۇغا پاختا تېرىشكە!

2008 ـ يىلى 14 ـ ، 15 ـ ئىيۇل. خوتەن

www.uyghurkitap.com

# ئۇ ...

1

يىراق زامانلارنىڭ بىر ۋارىقىنى تېپىۋالدىم؛
قان داغلىرى ئۆچۈرۈۋېتىلگەن
قىلىچلار سۇندۇرۇۋېتىلگەن
ئادەم كاللىلىرى كۆمۈۋېتىلگەن
پەقەت
پادىشاھنىڭ مۆھۈرىلا قالغان...
ئۇ
قەغەزنى قولۇمدىن تارتىۋېلىپ
ھاجەتخانىغا ماڭدى.

2

ئۇ ياشاش ئۈچۈن ئۆلدۇ تەكرار
ئۆلۈش ئۈچۈن
ياشىسام دەيدۇ تېخىمۇ ئۇزاق

3

زېمىن زېمىن بولمىغان چاغدا
ئىدى ئاسماندا.

ھېچنېمە يوق ئىدى
بىر مۇقەددەس تەگرىدىن باشقا.
ئۇ چاغدا
ئۇ تېخى ھېچنېمىگە تەۋە بولمىغان.

4

قۇياش ئاپتاپپەرەسنى ئۆچ كۆرىدۇ
دەريا ئارقىسىغا قارىمايدۇ.
تاغلار مەغرۇر
ھېچ كىشىگە تەزىم قىلمايدۇ...
ئۇ
بەئەينى شۇنداق.

5

ئۇ مېنىڭ شېئىرلىرىمغا ئەڭ ئۆچ

6

ئۇ مېنى كۆزىدىن يوق قىلىش ئۈچۈن
قەلىمىمنى يوشۇرۇۋېلىپ
كومپيۇتېرنىڭ كونۇپكا تاختىسىغا مىخلاپ قويىدى.
سۆزلەرنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ
ئۆزۈم يازغان شېئىرلارنى چۈشەنمەس قىلىپ قويىدى.
ئۇ مېنى ئادەملەر توپلاشقان قايناق بازارغا ئاپىرىپ
ئەرلەرنىڭ ئاياللارنىڭ كۆزلىرىدە پىت بېقىۋاتقان
ئاياللارنىڭ ئەرلەرنىڭ كۆزىدە پۇل ساناۋاتقان
خۇنۇك مەنزىرىگە قاراشقا مەجبۇرلىدى.



ئۇ مېنى گۆرگە باشلاپ كىرىپ
ئۆلۈكلەردىن سەدىقە تىلەشكە قىستىدى.
ئۇ يەنە
ئايان نەرسىلەرگە كۆزۈڭنى يۇمۇۋېلىشىڭ
پىنھان نەرسىلەرگە كۆزۈڭنى چوڭ ئېچىپ قاراشلىرىڭ،
سېنىڭ راستچىللىق بىلەن
قىلغان بارچە يالغانچىلىقلىرىڭ
سېنى ئاخىر بىر پۇلغا ئەرزىمەس قىلىۋېتىدۇ دېدى...

7

ئۇ مېنىڭ خىزمەت قىلىشىمغا ئارىلاشمايدۇ
ئۈچ ۋاخ تاماق يېيىشىمگە قارشى ئەمەس

8

ئۇ ئىسمىمنى تارتىۋالماقچى،
ئۇ مېنى يوقىتىشنىڭ تۈنجى قەدىمى.
ئۇ كېچىلىرىمگە باستۇرۇپ كىرىپ
شېرىن چۈشلىرىمنى ۋەيران قىلماقچى.
ئۇ
قەلبىمدىكى سۆيگۈ ـ مۇھەببەتكە تولغان گۈزەل
دۇنيانى رەت قىلىپ
سۈرگۈن قىلماقچى مېنى تەنھالىق دالاسىغا...

9

بۈگۈن ھەممە ئىشلار نورمال
چۈنكى بۈگۈن

## پۈتۈن بىر كۈن سىياسىي ئۆگىنىشكە قاتناشتىم

10

شۇنداق،
مەن ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيمەن.
ئۇ گويا يوشۇرۇنۇشقا ئۇستا ئوغرىدەك
تامدىن بىمالال ئارتىلىپ
يېنىمغا كېلىدۇ.
ئۇ -
قۇتۇلۇش مۇمكىن بولمايدىغان رېئاللىق.
دائىم كۆز ئالدىمدا يۈرسىمۇ
كۆرەلمەيمەن
كۆرەلمەيمەن زادىلا...

2008 - يىلى 16 - ئىيۇل. خوتەن

www.uyghurkitap.com



# كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم

مەن بىر چاغلاردا تاشنىڭ تورغايغا ناخشا ئۆگىتىۋاتقانلىقىنى
كۆرگەن
مەن بىر چاغلاردا سۇنىڭ ئېگىز شارقىراتمىدىن چۈشۈۋېتىپ
«مېنى قويۇۋەت» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان
مەن بىر چاغلاردا
دەرەخلەرنىڭ يۈگۈرگىنىچە ئورمانلىقتىن چىقىپ
كېتىۋاتقانلىقىنى ۋە
دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىنىڭ چىڭ قۇچاقلىشىپ تۇرۇپ
يىغلاۋاتقانلىقىنى ھەمدە
ئۆلارنىڭ كۆز ياشلىرىدا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان كېمىلەرنىڭ
نىشانسىز چۆرگىلەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن...
مېنىڭ كۆرگەنلىرىم ئىچىدە يەنە بىر تۈپ قارىغايمۇ بار
ئۇ تاغ چوققىسىدا تۇرۇپ پەستىكى ئاجىز گىياھلارغا
مەنستىمەسلىك بىلەن نەزەر سالاتتى
بۇلۇتلارنى بەلباش قىلىپ باغلىۋالاتتى،
پەستىكى گىياھلارنىڭ يېنىك شامالدا ئۇسسۇل
ئويناۋاتقانلىقىغا قاراپ گاھىدا
ئۆزىنىڭ تەنھالىقىدىن قايغۇرۇپ، تاغدىن چۈشمەكچى
بولاتتى...
كۆرگىنىم قىرىق يالغاندىكى بىر ئۆي، ئۆينىڭ ئىچىدىكى
قەلەندەر، قەلەندەرنىڭ قولىدىكى دۇتار

كۈي ئەۋجىدە ئۈزۈلگەن تار، ئاتتىن يىقىلغان لەشكەرلەر،
تاغدەك دۆۋىلەنگەن جەسەتلەر...
بىر كەپە، كەپىنىڭ ئىچىدىكى ئاشىق، ئاشىقنىڭ قولىدىكى
تەمبۇر، بوراندەك مەرغۇللىغان ئەشەددىي مۇقام،
كەپىنىڭ ئالدىدىن بېشىنى ئېگىپ ئۆتكەن شاھلار ۋە
ئۇسسۇل ئويناپ ئۆتكەن خەلقلەر...
بىر كۈنى مېنىڭ كۆرگىنىم بىر قۇچقاچنىڭ تېرەك شېخىدا
ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقى
ئۇنىڭ كۆكسىگە چەنلەنگەن مىلتىقنىڭ پاڭ! قىلغان ئاۋازى
بىلەن تەڭ يىقىلغانلىقى ۋە
ئوقنىڭ ناخشىدىن بىھۇش بولۇپ قۇچقاچنىڭ يۈرىكىدىن
ماكان تۇتقانلىقى...
گۈل كۆرگەنلىرىم ئىچىدىكى ئەڭ قىزغىن ۋە ھاياجانغا
تولغان بىر جەريان
ئۇ ئېچىلىۋاتاتتى نازىنىن تارتىنىش ئىلكىدە ئاستا ـ ئاستا
كىيىم سېلىۋاتقاندەك
ئەتراپنى قىزىللىققا پۈركەيتتى جاللات توسۇۋالغۇسىز
ئەسەبىي ئىستەكتە قان چېچىۋاتقاندەك
ئۇ ئېچىلغانسىرى ئېچىلاتتى، قات ـ قېتىدىن ئاجراپ
چېچىلاتتى
كىمنىدۇر چاقىراتتى، نالە قىلاتتى، چىرقىرايتتى
بىر بەخىباش ئۆزدى ئۇنى... تاشلىۋەتتى... ئاياغ ئاستىدا
چەيلەندى، گۈل مۇرادىغا يەتتى...
مېنىڭ كۆرگەنلىرىم يەنە بىر ئاسمان ۋە ئاسماندىكى ئەما قۇياش
بىر زېمىن، زېمىندىكى مەسچىت، مەسچىتنىڭ ئىچى ـ
تېشىدىكى جەننەت ۋە دوزاخ
بىر بازار، بازاردىكى پۇللار ۋە قۇللار...

www.uyghurkitap.com



بىر ئادەم كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ ئەتراپىغا ھەيرانلىق بىلەن
قاراۋاتقان
قۇلىقىنى ئېتىۋېلىپ، ئۆلۈمدىن ئېغىر بۇ جىمجىتلىقتىن
يۈرىكى سىقىلىپ نالە قىلىۋاتقان
تۆگىگە مىنىپ تۆگە ئىزدەۋاتقان...

2008 ـ يىلى 17 ـ ئىيۇل. خوتەن





# مېنى كىم دېگۈچىلەر

مېنى كىم دېگۈچىلەر
كىمدۇر ئۆزى؟!

پارىسا *
بىر ھەقىقىي ئىسىمدۇر،
دۇنيادا يوق لېكىن ئۇ ئادەم.
نېمە قىلىمەن شېئىر يېزىپ
ئۇ ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى دېمىسەم؟!...

كۆلىسەم دورىدىڭ دەيدۇ ئاپتاپپەرەسنى
يىغلىسام بۇلۇتلارنىڭ بۇزۇلار كۆڭلى.
قۇياش يۈزلىرىمنى يالار ئىتتەك
سۆيسەم جىنەستىلەر كېتەر تۆكۈلۈپ...
ھەر بىر چېھرىدە يالاڭ ئاياغ يول
ھەر بىر سۆكۈناتنىڭ يۈرىكى جۇل - جۇل.
ماڭا تۇتىشىدۇ بارچە ماكان،
ماڭا كېلىدۇ ئالەم قۇرۇق قول...

مېنى كىم دېگۈچىلەر
كوچا ئاپتوبۇسى توختىغاندا

---

* پارىسا ـ تور ئىسمىم.

www.uyghurkitap.com

كۆزىنىڭ بالىخانىسىدىن ئاياللارنى ماراۋاتقان
كۆڭۈلسىز ئايالدىن كۆڭۈل سوراۋاتقان
قولى ئوغرىلارنىڭ قولىدەك ئۇزۇن
يۈزى داپتەك، يۈرىكى قاپتەك
يېنىك ئادەمنى پارسا دەيدۇ...

مېنى ھەر كىم دېسە بولىدۇ،
كىم بولۇشۇمدىن قەتئىينەزەر
ئىسمىم پارسا!

2008 ـ يىلى 21 ـ ئىيۇل. خوتەن



## زېرىكتىم توختىماي ئۆلۈۋېرىشتىن

ئالەمنى بىر نانغا تېگىشكۈم كەلدى،
دەردىم بار بىر ئۆمۈر قوشاق قاتقۇدەك.
بىر بازار بولسىدى قىيامەت كەبى
ۋارقىراپ ئۆزۈمنى ئۆزۈم ساتقۇدەك.

يۈرەر قول تۇتۇشۇپ قايغۇ ۋە چېچەك،
قان بىلەن ياش كەبى دۈشمەن خىياللار.
بىلسىدى سۆيگۈگە بولغىنىمنى قۇل
گۈزەل ھەم رەھىمسىز قۇلدار ئاياللار.

يۈرىكىم بۇلبۇلدەك سايراپ ئۆلسىمۇ
توزۇغان گۈللەرگە ئوقۇيمەن لەنەت.
ئالەمنى قاپلىغان توپاندىن ماڭا
يەتسىدى بىر تامچە، بىر تامچە پەقەت...

زېرىكتىم توختىماي ئۆلۈۋېرىشتىن
ھاياتىم لىق تولدى جەسەتلەر بىلەن.
بالىلىق چېغىمغا كەلسىدى قايتىپ
مەن بىلەن مۆكۈكۈشمەك ئوينىغان ۋەتەن!

2008 ـ يىلى 23 ـ ئىيۇل. خوتەن

www.uyghurkitap.com



## مەن كۆڭۈل دەشتىگە پىيادە كىردىم

مەن كۆڭۈل دەشتىگە پىيادە كىردىم،
ئەگەشتىم قەلەندەر شاھى مەشرەپكە.
يىرتىپ مەن دۇنيانىڭ تون ـ سەرپايىنى
ئورىدىم ئۇنى چىن ئىشق ـ مۇھەببەتكە.

يۈزۈم قىبلىگە، كۆڭلۈم نىگارغا،
رەسۋايى، ھاۋايى قىلدىم ئىبادەت.
كۈندە مىڭ ئۆلۈپ مەن ئىككى دۇنيانىڭ
تەشنالىقىنى قاندۇردۇم پەقەت.

مېنىڭ كۈلپەتلىرىمگە قىلىپ تەنتەنە
ئۇسسۇل ئوينار يۈتكۈل خەلقلەر.
نالە ـ پىغانىمغا توۋلاپ مۇقاملار
بولار ئانا ۋەتەنىمۇ بىر كۈن قەلەندەر...

تېنىم جايناماز (بىر كونا پالاس)
جېنىم ئەزان توۋلار، ھېچكىم ئاڭلىماس.
ئۆلسەم جىنازامنى كۆتۈرەر شامال،
يىغلار يەرۇ ـ ئاسمان. ئىنسان يىغلىماس!...

2008 ـ يىلى 23 ـ ئىيۇل. خوتەن



# كونا بازار

ـــ گۈمىدىكى كونا بازار ئەسلىمىسى

قوڭغۇراقلىق مەپىدە كېتىۋاتقان ساھىبجامال ئايال
رومالىڭىنى قايرىما.
ياردار قاناتلىرىنى سۆرەپ كېتىۋاتقان مەجنۇن يىگىتنى
جاندىن ئايرىما...
خانىقانىڭ ئالدىدا ھېچكىم گۈل ھەققىدە خىيال سۈرمەيدۇ،
ئەزانخانا مۇنارىغا قونۇۋېلىپ ئەبەدىيلىككە كۆز تىكىۋاتقان
قۇچقاچ

تۇغۇلمىساڭ ئۆلمەيسەن دەيدۇ...
ئاپتاپ ئەگىلىك ئېتىپ ئولتۇرغان تام تۇۋىدە ئەخلەت
تاتىلاۋاتقان شاھانە خوراز
ئۆتمۈش ھازىر بولغان، ماشىنا مۇساپىر
پاكار ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىدە كۆزلىرىنى يۇمۇپ دۇرۇت
ئوقۇۋاتقان يۇلتۇزلار
تاملاردىكى رەستىگە تۇكۇرۇۋاتقان دېرىزىلەر
سۇرتۇلمىگەن ئەينەكلەردىكى نارەسىدە قىزلارنىڭ
غەمسىز كۈلكىسى
ئەگرى ـ بۈگرى خالتا كوچىدىكى ئاخىرى يوق ناخشا...

تىلەمچىنىڭ پۇت ـ قوللىرى ساق بولسا ئىدى، ئاچلىقتىن

www.uyghurkitap.com

ئۆلۈپ كېتەتتى
كۆزلىرى كۆرسە ئىدى، تولا يىغلاپ ئەما بولۇپ قالاتتى
چىقىلىشنى ئىستىمەيدىغان قانداق چىنە بار؟
يىرتىلىشنى خالىمايدىغان قانداق كىيىم بار؟
ئەگەر بارچە سىرلار يېرىم كېچىدە ئېچىلمىسا ئىدى
تاڭغا يېقىن يېپىلمىسا ئىدى
جاھان بەدبۇي نىجاسەت ۋە يىرگىنىشلىك جەسەتلەرگە تولۇپ
كېتەتتى...

بازارنىڭ بىرىنچى تارماقىقا تۇتىشىدىغان يېرىدە بىر ئۆستەڭ
بار
مەشرەپ ھەزرەتلىرى مەسچىت ئۆگزىسىگە چىقىپ ئۆستەڭگە
سىيگەندە
سۈيدۈكى ئۆستەڭگە يەتتە يۇملاپ چۈشكەن
ياكى يەتمىش...
قاراپ تۇرۇپ، نەچچە يۇملانغىنىنى سانىمىغان قۇياشقا
لەنەت!

كونا بازاردا كىرلىشىپ كەتكەن بىر ئاسمان بار،
ئاسماندا
مەشرەپنىڭ سۈيدۈكىنىڭ نەچچە يۇملانغىنىنى سانىمىغان
لەنەتگەردە قۇياش!...

2008 ـ يىلى 23 ـ ئىيۇل. خوتەن



# ئاخشام كوچىدا

ئاخشام كوچىدا پىل - پىل ياندى چىراغلار
سەن يېنىمدا، يېقىن بولدى يىراقلار.
قاپلىدى ئەتراپىمىزنى قىزىل گۈلدەك
نازۇك، ئۇياتچان قاتىل پىچاقلار...
جېنىم سەن بولساڭ مەن ۋەھشىي جاللات
پەرىشتەم سەن بولساڭ مەن ئالۋاستىمەن
قورقىمەن دېدىڭ، نېچۈن قورقىسەن؟
كۆزۈڭنىڭ دېرىزىسىدە قىپقىزىل پەردە
پەردە كەينىدە مەن يالىڭاچ
سۆيگۈ يامغۇرىدا يۇيۇنۇۋاتىمەن...

ئاخشام كوچىدا پەقەت ئىككىمىز
پەقەت ئىككىمىز ماڭدۇق يانمۇ يان.
ماڭدى بىنالار، ماشىنىلار
ماڭدى ئادەملەر، جىنلار، ئەرۋاھلار
ماڭدى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى...
بارچە رەھمەتلەر بىزگە ياغدى.
مەن قولۇڭنى تۇتۇۋالدىم چىڭ،
ئاسماننى يېقىلىپ چۈشمىسۇن دېدىم
يەرنى قېچىپ كەتمىسۇن دېدىم!

2008 - يىلى 24 - ئىيۇل. خوتەن

www.uyghurkitap.com



# تېرەك ئۇخلار ياپراقلار ئارا

تونۇش ئاسمان، خۇش پۇراق زېمەن،
دىلبەر كۆزى ئويچان بۇلاقلار.
ئۆلۈم ھىدى، بىھۇش ھەممە جان،
قاراڭغۇنى يىرتقان چىراغلار.

غۇۋا لەيلەپ تۆكۈلەر كۈيلەر
تېرەك ئۇخلار ياپراقلار ئارا.
ئىسسىق قاندەك ئاقار مۇھەببەت
يارىلانغان بارماقلار ئارا.

گۈلخان يانار ئېگىزلىكلەردە،
ئوت بەئەينى يېگانە شائىر.
يىراق يەردە بىر قىز كۈتىدۇ،
ئېھ، شۇ يەرگە ماڭدىم مەن ھازىر!

2008 ـ يىلى 24 ـ ئىيۇل. خوتەن



# دېرىزەڭنىڭ ئالدىغا كەلدىم

دېرىزەڭنىڭ ئالدىغا كەلدىم،
سۇندى ئەينەك ئەنسىز چىرقىراپ.
قەدەھ سۇنغىن، مەي بولدى شېرىن
قەلبىمدىكى مىڭ يىللىق ئازاب.

تېرىۋالغىن مۇزدەك دالىدىن
مېنىڭ ئاپئاق سۆڭەكلىرىمنى.
چاتقاللارنى كۈيلە، قۇچاقلا
مۇرەڭگە ئال بىلەكلىرىمنى.

پۇشتەك چالار زېرىكىپ شامال،
چاچلىرىڭنى تاشلىما سۇغا.
ساقلاپ قويدۇم ئاخىرقى ئوقنى
كۆزۈڭدىكى سەرسان ئاھۇغا.

2008 ـ يىلى 24 ـ ئىيۇل. خوتەن



# دىلبەر

1

سەن ياۋا ئات
ھېچكىم مىنمىگەن
كۆندۈرىمەن مەن سېنى جەزمەن.

2

كىرپىكىمدىن سۇندۇرۇپ ھاسا
كىرىپ ئادەملەر باياۋانىغا
سېنى ئىزدەيمەن.

3

بەلكىم
ئۆلگەنسەن مەن تۇغۇلغان كۈنى،
بەلكىم
تۇغۇلارسەن مەن ئۆلگەن چاغدا...
ئالەم بىر قەدەھ، تولغان ھىجرانغا
ئىچمەكتىمەن
ئىچمەكتىمەن!...



4

ئاسمان كۆكۈش كۆزلىرىڭگە ئولتۇرار
يۇلتۇزلار كىرپىكلىرىڭگە ئېسىلار
بارماقلىرىڭدا
قاتار ـ قاتار ئۆلۈملەر...

5

ماشىنىلار
مەندىن يۈگۈرۈك.
بىنالار مەندىن ېگىز.
ناخشىلار
مەندىن غېرىب...
سېنى
شېئىر يېزىۋېتىپ مۇدھىش كېچىدە
ئۆزۈم ئۆلتۈرۈۋەتكەن قىزمىكىن دەيمەن...

6

لېۋىڭنى چالسام بىر كاسە تەمبۇر،
چالسام تېنىڭنى بىر دەريا غېرىب،
چالسام، چالسام... مەستانە مۇقام
دەردۇ بالالارنى كەلسە قىچقىرىپ...

7

كۆڭلىكىڭنى ئۆرۈگەن شاماللار
كۆرسە غۇنچىنى

www.uyghurkitap.com

كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۇخلاۋاتقان...
بۇلبۇل بولارمۇ؟!

8

ئېھ،
دىلبەر!...

2008 ـ يىلى 24 ـ ئىيۇل. خوتەن



# چىپار كېپىنەك

چىپار كېپىنەك، چىپار كېپىنەك...
قايسى باغنىڭ مەلىكىسىسەن،
قايسى گۈلگە كېنىزەك؟
سەگىتەر كۆكۈلنى مەيىن، شاد ـ خۇرام
قاناتلىرىڭ لەپ ـ لەپ
لەپ ـ لەپ...

ئاپتاپ ساغرىسىنى قاشلاپ
گۈل شېخىدا ياتار يانپاشلاپ.
قانخور قىزىل رەڭ، زالىم بىنەپشە
سۈيۈق سۆسۈنە
جۆرگىلەر ئەتراپىدا ۋارقىراپ.

بۇ ھېكايىگە قۇلاق سال؛
ئۆلۈمنىڭ تىرنىقىنى ئېلىۋاتقان جىن
كېچىنىڭ بارمىقىنى ساناۋاتقان يۇلتۇزلار
ناخشىنى سۆكۈناتقا مىخلاۋاتقان تام...
ئېھ قانچە بۇيۇكتۇر، قانچە مۇقەددەس!
كۆكۈل ھېچكىمگە ئۆي ئەمەس
ھېچكىم ھېچكىمنى
سۆيىدۇ ئۆزىنى تاپالمىسا، بەس!

www.uyghurkitap.com

ئەگەر گۈزەل بولسا دەسسەپ چەيلەنسۇن
نازۇك بولسا خورلانسۇن رەت ـ رەت.
ئەگەر پاك بولسا ئاياغ ئاستىدا
بولسۇن شەرمەندە
شۇندىلا
كۆڭۈل مۇرادىغا يېتىدۇ پەقەت.

چىپار كېپىنەك، چىپار كېپىنەك
ئۇچرىتىپ قالساڭ پەرھات تۇرسۇننى
قايرىپ پەردىسىنى رېئاللىقنىڭ
دېرىزە ماراۋاتقان...
سالام دەپ قوي پارىسادىن ئۇنىڭغا!

2008 ـ يىلى 30 ـ ئىيۇل. خوتەن





# يوقالغان بۈگۈنكى زامان

بۇلبۇللارغا شادىيانە ناخشىلارنى ئېيتقۇزماسلىق كېرەك
چۈشىنىشى كېرەك؛
ئېچىلىش ـ گۈللەردىكى توزۇش ئالدىدا تۇرغان مۇتلەق
كېلىچەك.
ئېگىز تاملار، تىكەنلىك سىم تورلار
تۈرمىلەردىكى غەم ـ غۇسسىسىز ھايات...
چۈشىنىشى كېرەك؛
بازغان كۆتۈرۈلدى، ئاڭغىچە
سېغىنىش ئازابىدا قىينالدى سەندەل،
قىينالدى تاڭغىچە...

مەسچىتلەر ئۇلۇغۋار، مەيخانىلار شادىمان
پەرىشتىلەر قاناتلىق، ئادەملەر قاناتسىز
كىچىك بالىلار كىيمەيدۇ ئىشتان.
كۆزلەر غېرىب ـ غۇرۋا
سۆڭەكلەردە سۇنۇپ ھارۋا
ئىسسىق گۆشلەر ئارىسىدا يۈرەر كارۋان.
ئەۋلىيالارنىڭ باش تىققۇدەك يېرى يوق
تىلەر ئاللەمگە نۇسرەت ھەر زامان...
چۈشىنىشى كېرەك؛
ھەر كىم ئۆلۈپ كېتىشكە ئاز قالغان...

چۈشىنىشى كېرەك؛
تاكى ھەر بىر تىنىقىدىن ئۆلۈمنىڭ قەدەم تىۋىشى
يوقالمىغۇچە
ياشايدۇ يالغان!

پاكىزە كۆڭۈلنى بەرمەسلىك كېرەك،
قوغداش كېرەك قەلبتىكى ھېچكىم ئاياغ باسمىغان يەرلەرنى .
ئىككى ئىت سۆڭەك تالاشقاندەك تالىشىش كېرەك
ئىككى ئەر قىز تالاشقاندەك تالىشىش كېرەك
تالىشىش كېرەك
يېتىمنىڭ قولىدىكى بىر بۇرداناننى تالاشقاندەك ئىككى
پادىشاھ...

بۇ غايىب بولغان بۈگۈنكى زامان
ئاتىلارنىڭ كىشنىشى يوق، ماشىنىلارنىڭ تاراق ـ تۇرۇق ئاۋازى
تۇپراق تىنىقتىن قالغان، ئادەملەردە يارنىڭ ئۆلگەن ئازابى
قۇمدىن قوپقان، قىلىچتىن ئۆتكەن
شەھەردىكى قىزىل مىڭئۆيلەردىكى تاپاننىڭ ماتكىسى...

سەكراتتىكى ئادەم ئۆزىگە كەڭرى گۆر تىلىگەندەك
تىلەش كېرەك
تىلەش كېرەك!

2008 ـ يىلى 30 ـ ئىيۇل. خوتەن



# ئاسمان - زېمىندىن ساڭا سالام!

ئاسمان - زېمىندىن ساڭا سالام
تاغ - دەريالاردىن ساڭا سالام
قۇرت - قوڭغۇزلاردىن ساڭا سالام
دەل - دەرەخلەردىن ساڭا سالام
ئۆلۈكلەر ۋە تىرىكلەردىن ساڭا سالام
هەر لەھزىدە
كۈللى كائىناتنى كېزىپ، مەۋجۇداتلار بىلەن
ئەسرالشىپ
سۆيگۈ ئىچىدە مەڭگۈلۈك روھقا ئايلانغان
مەندىن ساڭا سالام!

ئەگەر يامغۇر ياغسا... سېنى سېغىنىپ مەن يىغلىدىم
قۇياش تۇتۇلسا... جىن چىرىغىمنى كۆتۈرۈپ
سېغىنىشنىڭ قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈرىگە كىرىپ كەتتىم
شامال چىقسا... سېنى سوراپ يوپۇرماقلارنى
شىلدىرلاتتىم
ئادەملەر ئۆلۈپ كەتسە... سېنىڭ بۇ دۇنيادا بارلىقىڭدىن
ئۈمىد ئۈزۈپ يەنە بىر دۇنياغا ماڭدىم
بوۋاقلار تۇغۇلسا... بۇ ناتونۇش دۇنيادىكى هەر بىر
نەرسىنى سەن دەپ بىلىپ ۋىلىق - ۋىلىق كۈلدۈم...

www.uyghurkitap.com



دەريادىكى سۇ سەن بولمساڭ ئېقىپ كېتشكە رازى
ئەمەسمەن
يۈرىكىمدىكى ئوت سەن بولمساڭ كۆيۈپ كېتىشكە
رازى ئەمەسمەن...
پۇتلىرىم مېنى سېنىڭ يېنىڭغا ئاپارمىغۇچە، قۇلىقىم
ئاۋازىڭنى ئاڭلىمىغۇچە
كۆزلىرىم سېنى كۆرمىگىچە، قوللىرىم سېنى
تۇتمىغۇچە
ئۆلۈپ كېتىشكە رازى ئەمەسمەن.
سېنىڭ پەرمانىڭسىز ماڭا تەگكەن ئوق، ئۇرۇلغان
قىلىچ
نەقەدەر بەختسىز، شور پېشانىدۇر...
سېنىڭ قۇچىقىڭغا يىقىلمىسام
ئۆلسەم ھېچقانداق قەبرىدە ياتماسمەن!

ئىچاغ، ناخشىلىرىم سېنى ئىزدەپ بىھۇشلۇق
چۆللىرىگە كەتتى
ئىچاغ، شېئىرلىرىم سېنى ئىزدەپ سۆز
دالىلىرىغا كەتتى.
ئەگەر سەنمۇ مېنى ئىزدەۋاتقان بولساڭ
باسقان ھەر بىر قەدىمىڭدىن، ئالغان ھەر بىر
تىنىقىڭدىن
تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىڭدىن، چەككەن ئاھۇ ـ
نادامەتلىرىڭدىن
ساڭا سالام!

2008 ـ يىلى 31 ـ ئىيۇل. خوتەن



## ئاه مېنىڭ تەڭرىم، ئاه مېنىڭ تەڭرىم...

مېنىڭ پۇتلىرىم جەننەتتە سەيلەر
مېنىڭ بېشىم دوزاختا كۆيەر
مەن ئۈزگەن گۈل خازاندۇر
مەن سۆيگەن يار ئالەمدە يوق...

تاشنىڭ ئىشكىدىن كىردىم؛ بىسمىللاھ
ئاڭلىدىم شۈكرىسىنى؛ يا رەسۇلىللاھ
تاش دەيدۇكى: قۇلىقىم يوقتۇر،
كۆزۈم ھەم ئاغزىم يوق، ئەلھەمدۇلىللاھ!...

سۈرتتۈم گۈل بەرگىدىكى تامچە شەبنەمنى،
شەبنەم دېدىكى: بۇ نە كۈچ ـ غەيرەت؟
شۇنچە ئاپتىپى بىلەن بىر تامچە ياشنى
قۇرۇتالمىغان قۇياشقا لەنەت!

يولۇم ئەلمىساقتىن ئەبەدىيەتكە
ماڭا ھەمراھ كىمدۇر تەڭرىمدىن بۆلەك؟
ئۇ مېنى بار قىلدى، مېنىڭ بارلىقىم
ئۇنى ھەم ھەر تىنىقىمدا بار قىلسا كېرەك!

ئۆلگۈر بىنالار ئالدىمنى توسما
ئىچىمدە بىر يول بار ئاسمانغا تۇتاش.

ئەگەر ئۆلسەم.. يەنە يالغۇز قالغۇدەك
ئاھ مېنىڭ تەڭرىم، ئاھ مېنىڭ تەڭرىم!...

2008 ـ يىلى 1 ـ ئاۋغۇست. خوتەن



# بۇمەرەم

ئاسمان ـ زېمىن كېتەر قوشۇلۇپ
ئىككى پۇتۇڭ ئۇچراشقان جايدا

كىرپىكىڭنى چوقۇپ تۇمۇچۇق
غەزەل ئېيتار ئاشىق قەلەندەر

كۆزلىرىڭنىڭ يىراق ئۇپۇقىدا
شاۋقۇنلايدۇ غۇنچىلىغان قان

داداڭ قويغان ئىسمىڭ بۇمەرەم
ئۆزۈم تېخى ئىسىم قويمىدىم،
كېلەر بەلكىم ئورمانلار
گۈل ـ گىياھلار، قۇرت ـ قوڭغۇزلار
ئۆلۈكلەر ۋە تىرىكلەر
سېنى چاقىرسام...

قاچاندىن بېرى
چاچلىرىڭنىڭ قارا تۈنىدىن
ناخشا توۋلاپ ئۆتتى ھارۋىكەش؟

قاچاندىن بېرى
قارار ئىدىڭ تالاغا

www.uyghurkitap.com

تەلپۈنۈپ دەھشەتلىك بالا ـ قازاغا
قىزلىقىنىڭ قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈرىدە؟

قاچاندىن بېرى
بارمىقىڭنىڭ بېرى يوق
توققۇزى سۇنۇق؟

قاچاندىن بېرى
خىيالىڭدىن ئۆتتى ئېگىز ھارۋىلار؟

قاچاندىن
قورقۇپ تۇرۇپ ئۆلمەكچى بولدۇڭ؟!...

كىم بىلەندۇ كېلەر مۇشتلاشقۇم
سېنى ئويلاپ بولىمەن ساراڭ

ئاڭلىساملا ھەر قېتىم
سۆيىمەن دېگەن گېپىڭنى سېنىڭ
ھۇررا توۋلاپ
ماڭغۇم كېلەر ئۇرۇشقا...

ئەگەر بولساڭ چار پاقا
بولۇشۇم مۇمكىن ئىدى بىر يىلان.
بولۇشۇم مۇمكىن ئىدى بىر قاغا
ھويلاڭدىكى پاخپاق جىگدىگە
ئۈگىنىپ قالغان...
يۇلتۇزلار سېنى چاقىرمىدىمۇ
سۆيگۈ ۋىسالى كېچىلەردە دەپ؟



بولساڭ ئەگەر بىر چاشقان
مەن كۆڭلۈمگە قۇراتتىم قاپقان!

قورقمايمەن
ئۆلسەم ئەمدى يالغۇز قالمايمەن.
...
جەستىمنى تاشلىۋەتمەيسەن،
ھېچ بولمىسا
قوشنىلارغا خەۋەر قىلسەن!...

2008 ـ يىلى 4 ـ ئاۋغۇست. خوتەن



# سىدىق دۆلەت* نىڭ ئالجىشلىرى

ئىچ ئاغرىتىمەن
تېرەكلەرنىڭ ئېگىزلىكىگە
قارىغايلارنىڭ قەيسەرلىكىگە.
تاغلارنىڭ مەزمۇتلۇقىغا
تۇپراقنىڭ مۇقەددەسلىكىگە...

سۆيگەن ئادەم بولار بىچارە
سۆيۈلگۈچى قەرزدار،
ئىچ ئاغرىتىمەن ھەر ئىككىسىگە!

ئىچ ئاغرىتىمەن
راست گەپ قىلىپ بېشىغا
قىلىچ تەڭلەنگەن مەردانە ئەرگە.
ئۆمۈر بويى رايىشلىق بىلەن
خاتىرجەم ياشىغان بىچارىلەرگە.
سۆيگۈم كېلەر قانىغا بويالغان
جاللاتلارنىڭ قولىغا،
چۈنكى بۇ قول
چىراغ ياقار ھەقىقەتنىڭ يولىغا...

* سىدىق دۆلەت ــ مېنىڭ يەنە بىر تور نامىم

ئاشۇ ئېشەكلەر
ئاشۇ ئىتلار، ئاشۇ چوشقىلار
قانچە خۇشال، قانچە بەختىيار،
چۈنكى ئۇلار
ئۆزلىرىنىڭ ئىت، ئېشەك ۋە چوشقا ئىكەنلىكىنى
بىلمەيدۇ زىنهار...
ئىچ ئاغرىتىمەن
دۇنيادىكى بارچە ئىت ـ ئېشەكلەرگە
ھەمدە قۇللارغا
ۋە ئۇلارنىڭ
گۈزەل غايە، ئىستەكلىرىگە.
قۇللۇق
داۋاملىشار قىيامەتكىچە
بىر ئىدىيەگە
بىر مەقسەتكە
بىر مۇھەببەتكە...
ئىچ ئاغرىتىمەن،
قۇللۇق ـ
ئىنسانىيەت تەقدىرىگە بېسىلغان تامغا!

2008 ـ يىلى 6 ـ ئاۋغۇست. خوتەن



# بوران چىقتى

جۇر بولدى دەرەخلەر بۇ خۇشاللىققا
قاراسلاپ سۇنغۇچە شاخلىرى تاكى.
كەلدى ھۆركىرەپ تۇۋلىغان ئاۋاز
كەينىگە قايرىلىپ باقمىدى، ياكى...
تىك يېتى يىقىلدى قەھرىمانلارچە
نۇرغۇن ئىستولبىلار قۇتۇلۇپ سىمدىن.
قەغەز پارچىلىرى ئۇچتى شادىمان،
سۇندى دېرىزىلەر قورقماي ھېچكىمدىن...
كوچىدا بىرەرمۇ ئادەم قالمىدى
سۇپۇرۇپ تاشلىدى ئەخلەتتەك گويا.
بۇ تەنتەنىگە بوراندىن كېيىن
جۇر بولدى قەبرىلەرنى كۆمگەن قۇم ـ توپا!

2008 ـ يىلى 7 ـ ئاۋغۇست. خوتەن



# يېزىلمىغان شېئىرلارنىڭ ئاپتورى

بىر كۈنى مەن بولۇپ بىر قاغا
ئۇچۇپ كەتسەم ئورمانغا،
بىر كۈنى مەن قاۋىسام ئىت بوپ
يۇلتۇزلىرى ئۆلگەن ئاسمانغا.
بىر كۈنى مەن يىغلىسام تاشتەك
ئاشىق ـ مەشۇق جۇدا بولغان داستانغا.
بىر كۈنى مەن...
يەنە مەن...

هۇيت ـ هۇيت...
بىر كىم چاقىردى:
غوجىمۇھەممەدنى تونۇمسىز؟ دېدى.
غوجىمۇھەممەد؟!...
ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم ئۇ
تۇغۇلمىغان ياكى ئەزەلدىن،
بۇ ئىسىم ـ
يېزىلمىغان شېئىرلارنىڭ ئاپتورى.

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاۋغۇست. خوتەن



# سالام دوستلار

سۆيدۇم ھاياتنى ئابزاس ـ ئابزاستىن
پۈتتى توم ـ توم رومانلار

ساۋاتسىزمەن، باشتىن ـ ئاخىرى
ئويۇن ئويناپ چىقتىم مەن پۈتۈن
مۇھەببەتنىڭ مەكتەپلىرىدە.
تولدى مۇڭلۇق شېئىرلار بىلەن
قىزلار بەرگەن تاپشۇرۇق دەپتەر...

بۇ دۇنياغا كەينىمنى قىلىپ
كۆرەلمىدىم قۇياشنى يەنە.
ئالدىڭغا ماڭ! دېگەن چاقىرىق
ياڭراپ تۇردى ئارقامدىن ھامان.
توي قىلىمەن رامىزانغىچە
ئەگەر ئۇ قىز ئۆلۈپ كەتمىسە،
مەيلى ئاسمان يېرىم چۈشۈپ
قىلمىسا ھەم تۇپراق تەنتەنە...

سالام دوستلار،
مەن ھېلىلا چىقتىم قەبرىدىن
مۇھەببەتلىك ھاياتنى ئىزدەپ!

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاۋغۇست. خوتەن



# قالدى نە تەبەسسۇم گۈللەر بەرگىدە

1

قالدى چۈش كۆرگۈدەك نە كىچە ئەمدى،
ئېقىتىپ كەتكۈدەك قالدى نە ئىقىن؟
قالدى نە تەبەسسۇم گۈللەر بەرگىدە،
يىقىنلار يىراقتۇر، يىراقلار يىقىن!

چىراغلار جىن كەبى پىل - پىل يانىدۇ،
قالدى نە جىن بىلەن يەنە قۇرئانداز؟
جىرادەك چوڭقۇر ھەم قاراڭغۇ دىلىم،
بىر تاغدىن بىر تاغقا تارىلغان ئاۋاز...

تۇپراقنىڭ ئاستىدا ياتقان ئۆلۈكلەر
ھىچنىمە دېمەيلا چىرىگەن تىلى.
سۆڭەكلەر چۆللەرگە چېچىلغان بولسا
ئاھ مېنىڭ سوڭىكىم، مېنىڭ ھەممىسى...

2

بىر ئاسمان بولسىلا يېتىدۇ ماڭا،
قۇچقاچنىڭ كۆزىدەك كىچىك بىر ئاسمان.
بىر دەريا بولسىلا يېتىدۇ ماڭا،
يىڭنە تۆشۈكىدەك كىچىك بىر دەريا.

www.uyghurkitap.com



قۇياشنى غەپلەتتىن ئويغىتىش ئۈچۈن
بىر خوراز چىللىسا يېتىدۇ پەقەت.
ئەگەر مەن چىراغنى يېقىپ تۇرمىسام
نە قىلسۇن يۇلتۇزدا نۇرانە سۈپەت؟!

ئاياللار يالىڭاچ بولمىسا ئەگەر
قاراڭغۇ بۇ ھايات يورۇيتتى قانداق؟
مەن ئۆلۈپ كېتىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى
قىل مېنى ئەي تەڭرىم ئەقىلدىن يىراق!

3

تېنىم بوز تۇپراققا ئايلانغۇچىلىك
مەن ئاڭا ئىخلاستا بولاي پەرۋىشكار.
كۆزلىرىم يۇلتۇز بوپ كەتكۈچە تاكى
ئالدىمدا قۇياشتەك كۈلۈپ تۇرسۇن يار.

شۇنچە كەڭ بىر ئالەم ئىلكىمدە بولدى،
قەبرىگە تۇتاشقان ئۇزاق ھايات ھەم.
ئۆزۈمگە قارىسام ئۆزگە كۆز بىلەن
ئاھ، قانچە ھېكمەت ھەم مۆجىزىلەر جەم..!

ئاھ لېكىن ئاجىزمەن، جان مېنىڭ ئەمەس،
ئويۇنچى تەقدىر ھەم مېنى ئوينىتار.
ئېسىمدە بولسۇنكى، ھەرنە بولايمەن
ئەزەلدە لېيىمنى يۇغارغۇچى بار!

2008 ـ يىلى 11 ـ ئاۋغۇست. خوتەن



# سەنەمنىڭ ناخشىسى

بولماس يۈزۈڭ قارا، قارا
بولسا ئەگەر كۆڭلۈڭ يارا.
ئاشىقلارنىڭ ماكانىدۇر
ئۆزۈڭ ئېيتقان دەردلىك ناۋا..
ئامان بولغىن غېرىبجانىم!

ئاشىققا چۆل ياخشى ۋەتەن،
لىباسىدۇر جۇلدۇر - كېپەن،
جۇدالىقتا گۈل ئېچىلۇر،
ۋىسال دىلغا سالۇر كىشەن...
ئامان بولغىن غېرىبجانىم!

سۆيسەڭ ئەگەر جەبرەڭ بولۇر،
قىيامەتكە سەبرەڭ بولۇر،
ئۆلسەڭ ماڭا قايتارسەن، ئاھ
قەلبىم سېنىڭ قەبرەڭ بولۇر...
ئامان بولغىن غېرىبجانىم!

قايان بارساڭ ۋەيراندۇر،
كۆڭلۈڭ ھامان سەرسانىدۇر،
بىر نەپەستۇر دۇنيامۇ ھەم،

www.uyghurkitap.com



بارچە يالغان ئەپساندۇر...
ئامان بولغىن غېرىبجانىم!

گۈل ئېچىلماي گۈلزار بولماس،
بۇلبۇلىغا مۇڭزار بولماس،
ۋاقتى كەلمەس ئۆلمىگۈنچە،
ئاندىن ئارتۇق ئىزھار بولماس...
ئامان بولغىن غېرىبجانىم!

يەتكەي ساڭا ئەسسالامىم،
نازۇك سەرۋى ئېھترامىم،
كۆكسۈمدىكى پىچاق سۇنۇپ
تۆگىگىچە ئېقىپ قانىم...
ئامان بولغىن غېرىبجانىم!

2008 ـ يىلى 12 ـ ئاۋغۇست. خوتەن





# ئالتۇن غازاڭلار

بەكمۇ ئۇزاق... ئۆتتۈپ كەتكەن قەدىم زاماندا
تۆكۈلمەكتە دەرەخلەردىن ئالتۇن غازاڭلار.
قىپيالىڭاچ بولۇپ قالغان كۆزدە ئايالار
كۆتمەكتە ئاھ، ئاپئاق قارنى قاراپ ئاسمانغا.
ئاپئاق قارنىڭ ئاپئاق، ئىسسىق يوتقانلىرى بار
توشقانلارنى ئامان ـ ئېسەن چىقىرار قىشتىن.
قار بوۋاي بار باللارغا ھەمراھ بولغۇدەك
ساقال ـ بۇرۇت ياساپ قويسا ياراشقۇدەك ھەم،
بوۋىسى يوق باللارنىڭ باغرى بەك سۇنۇق...

غازاڭلارنىڭ شىرىقلىشى ئوخشار بىر قىزنىڭ
مىڭىشىغا ئۆلگىلى ئاھ، ياردىن ئايرىلىپ.
ئوخشار ھەمدە ئىڭرىشىغا كونا مىلتىقنىڭ...
كونا مىلتىق قۇچقاچلارنىڭ چۈشىدە قالدى،
قالدى يىغلاپ كىيىكلەرنىڭ ئارمانلىرىدا.
...
غازاڭلارنىڭ شىرىقلىشى يادىمغا كەلدى
ئوق تەگكەن بىر ئىپار كىيىك ئالدىمغا كەلدى.

توساتتىنلا جەڭ بولدۇ
جەڭدىن كېيىن توي بولدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېزىپ تەنها شەمۇ شەھەر، يەتتە ئىقلىمنى
مەشۇقىنىڭ ئىشكىدە ئاشىق ئۆلىدۇ.
يېشىلىدۇ بارچە سىرلار يېرىم كېچىدە
يىرتىلىدۇ بارچە قىزلار يېرىم كېچىدە.
مۇھەببەتنىڭ گۈل ـ چېچەكلىك ئازاب تۇرمىسى،
يېتىلىدۇ ئەرلەر ئاخىر ئۆلۈم ئىچىدە...
كىم بىلمەيدۇ شېئىردىكى خەنجەر ـ پىچاقنى،
كىم بىلمەيدۇ پەرلىگەنچە كۆلگە كۆمۈلگەن
ئاشۇ خىرە كۆزلەردىكى ئاتەش پىراقنى؟...
كىم بىلمەيدۇ، ۋەتەن دېگەن ئەسلي بىر داستان،
كىم بىلمەيدۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بولغاندا قۇربان
سانسىز كىشى توي ياڭرىتىپ قىلىدۇ بايرام!

بەكمۇ ئۇزاق ئۆتۈپ كەتكەن قەدىم زاماندا
تۆكۈلمەكتە دەرەخلەردىن ئالتۇن غازاڭلار.

2008 ـ يىلى 21 ـ ئاۋغۇست. خوتەن



# يەنە بىر ناخشىدا كۆرۈشەيلى

تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا
تەمبۇرۇمنى سازلاپ ناخشا ئېيتىپ بەرسەم
شوخ ـ شوخ ناخشىلارنى
ئۇلار ماڭا نەزەر كۆزىنى سىلىپمۇ قويمىدى.
چۈنكى مەن بۈگۈن بازارغا
جەندە ـ كۇلاھىمنى كىيىپ كەلمىگەن،
ئىلىپ كەلمىگەن
ئەپسانە بولۇپ كەتكەن سىياقىمنى ھەم.

خۇدا
مەن تىرىك بولسام ساڭا نە پايدا؟
ساڭا نە زىيان
ئۆلۈپ كەتسەم دەرد ـ ھەسرەتتە ھەم؟!
سەن موھتاج ئەمەس
مەن موھتاج...

يىرىم كېچىدە
مەن ئۆزۈمدە.
قولۇمدا كېچىنىڭ بىر غۇلاچ چېچى
ماڭا لىق تولدى ئۆيىنىڭ ئىچى
سەن نەدە؟!...

www.uyghurkitap.com



قۇتۇلالمايمەن،
يالغۇزلۇقنىڭ ئەۋلىيالىقى
ھايۋانلارنىڭ تىلىنى بىلگۈچى
قۇمۇش نەينىڭ پىغانىغا قۇلاق سالغۇچى...
ماڭا مۇناسىپ ئەمەس،
يۈز يىل غاردا ياتسامۇ
مەن غۇجىمۇھەممەدكى
ئەھمەت يەسەۋى ئەمەس.
ئەمەس مەشرەپ
ئىككى دۇنيانى سۆيگۈگە تېگىشكەن
سارالڭ دىۋانە!...

خوش،
مەن كېتەر بولدۇم.
يەنە بىر ناخشىدا كۆرۈشەيلى،
يەنە بىر ناخشىدا
يەنە مۇشۇ بازاردا.

2008 ـ يىلى 22 ـ ئاۋغۇست. خوتەن



# كۆكسۈڭ ئارا بارخان - بارخان...

كۆكسۈڭ ئارا كۆككە باققان بارخان - بارخان،
زۈلپىڭ ئارا مەرغۇللىغان نەغمە - ناۋا.
ئايىغىڭدا تاشلار ئەزىز ۋەتەن - ۋەتەن،
بارمىقىڭدا قاتار - قاتار تاغۇ دەريا...

قاچار گۈلگە زىنىقىڭنىڭ كەرەشمىسى،
ئۈۋچى ئۆلۈپ، قالغان كىيىك نادامەتتە.
يورۇپ تىمتاس تىرنىقىڭنىڭ ئاسمانلىرى،
ئاتار تاڭلار يۈزۈڭدىكى سائادەتتە.

بىر باقساڭچۇ، كۆيۈپ كەتسە قاخشال يۈرەك،
يەتسە جېنىم جانغا، ئارام تاپسا ئەجەل.
باقساڭچۇ بىر... ئاسى - جاپى كۆڭلۈم مېنىڭ
كەتسە چۆلگە دۇنيا - دۇنيا توۋلاپ غەزەل.

2008 - يىلى 26 - ئاۋغۇست. خوتەن



www.uyghurkitap.com

## يەنە تويۇم بۇزۇلدى

يەنە تويۇم بۇزۇلدى
باخشىلارنىڭ ئوقۇمىغىنى قالمىدى
باپكارلارنىڭ توقۇمىغىنى قالمىدى.
داپ داراڭلاپ
ئېشەك ھاڭراپ
كۆڭلۈمنى ھېچ ئارامدا قويمىدى...
كۆڭلۈم بىر چۈشتىن كېيىن
دېرىزىسىنى كەڭرى ئاچقان،
بىر توكۇر بۇغا
قاراپ قويۇپ بىر قىيا
تاغقا قاچقان...
ئەسلى بىر قىز ئىدى
يىرتىلىشتىن ئىلگىرى.
ئەسلى بىر گۈل ئىدى
ئېچىلىشتىن ئىلگىرى.
ئەسلى بىر شېئىر ئىدى
يېزىلىشتىن ئىلگىرى...
كېچىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا
قەلبىمنىڭ چىراغ يېقىلمىغان جايلىرىدا
تورۇكلىتىپ چىغ ھاسسىنى
ئۇ مېنى ئىزدەيدۇ

ئىسمىمنى تۇۋلايدۇ...

دەرەخلىكتۇر مېنىڭ ھۇجرام
تۈمەن قۇشلار سايرايدۇ.
قۇمدۇر مېنىڭ تەختىم
كۆچۈپ تۇرىدۇ.
شېئىرلىرىم ئاقار يۇلتۇزدۇر
بىر چاقناپلا غايىب بولىدۇ.

كۆزۈمدە يوق ھېچنېمە
بىر قايغۇلۇق ناخشىدىن باشقا.
چىقار چۇۋۇلۇپ قاپقاراڭغۇ كېچىلەر
ئاۋازىمنى ئاقتۇرسا.
كۆكسۈمدە بىر پاي ئوق
ماھۇق تۆشەكتە ئۇخلاۋاتقان جاناندەك
ئۇزۇندىن بىرى...

يەنە تويۇم بۇزۇلدى
ئانام ئېسەدەر قېرىپ كەتتىڭ دەپ

سىلەر
ئوۋچىنىڭ كىيىكنى سۆيگەنلىكىنى كۆرگەنمۇ،
ئۆزى ئاتقان كىيىكنى؟
قاتىلنىڭ ئۆلۈكنى سۆيگەنلىكىنى كۆرگەنمۇ،
ئۆزى ئۆلتۈرگەن ئۆلۈكنى؟
پادىشاھلارنىڭ خەلقنى سۆيگەنلىكىنى كۆرگەنمۇ،
ئۆزى ئەل قىلغان خەلقنى؟

خەلقنىڭ ھۆكۈمەتنى سۆيگەنلىكىنى كۆرگەنمۇ،
ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى ھۆكۈمەتنى؟

يەنە تويۇم بۇزۇلدى!...

2008 ـ يىلى 27 ـ ئاۋغۇست. خوتەن





# كۆڭلۈمنىڭ دېرىزىسى تالاغا قارايدۇ

كۆڭلۈمنىڭ دېرىزىسى
تالاغا قارايدۇ

كۆڭلۈمنىڭ دېرىزىسىدىن تالاغا قاراپ بىر قىزنى كۆردۈم،
قاشلىرى بەرگى قىياق
كۆزلىرى ئويناق بۇلاق.
لەۋلىرى مەي كاسەسى،
مەڭزىدە بىر جۈپ زىناق...
ئويلىدىم؛
ئېتىكىنى قايرىغان شامال مەن بولسامچۇ
پۇتىغا پۇتلاشقان تاش مەن بولسامچۇ
مەن بولسامچۇ
ئۇ نازۇك قەددىنى ئېگىپ يەردىن ئالغان
بىر تال ياپراق...
...
زىبا تېنىنىڭ ئىچكىرىسىدە
كەتسەم ئېزىپ،
ئاتىلار ئىكىن يەرلەردە كەتمەن چېپىۋاتقان
ئانىلار ئىشىكتە بالا بېقىۋاتقان
ئىتلار قاۋاۋاتقان

www.uyghurkitap.com



قويلار مەرەۋاتقان
ئېشەكلەر ھاڭراۋاتقان،
سەلتەنەتلەر
غەزەپ ـ نەپرەتلەر
سانسىز جەسەتلەر
ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان،
ئالەم
دەم كۆمتۈرۈلۈپ
دەم ئۆرە بولۇۋاتقان
زىبا تېنىنىڭ ئىچكىرىسىدە...

ئاھ!...
دادىسى ئېلىپ كەتتى ئۇ قىزنى
ھېچكىم بىلمەيدىغان يەرگە.
بېرىش ئۇچۇن
مەن بىلمەيدىغان ئەرگە.
مېنى شېئىر يازالماس قىلىۋەتتى
ئۇنىڭ كېتەر چاغدىكى ئاخىرقى رەت قايرىلىپ
قارىشى...

قىزنىڭ قارىسى يىتتى
كۆڭلۈمنىڭ دېرىزىسىنى ياپتىم.

2008 ـ يىلى 27 ـ ئاۋغۇست. خوتەن



# چۈشتىن كېيىنكى دېرىزە

يازنىڭ شاخلىرىدا غۇچچىدە ئاپتاپ
بىر چۈش ئەشەددىي قاتىلدۇر شۇ تاپ

بىر بۇلۇت دېرىزىنىڭ يېنىغا كەلدى
بىر دەريا ئېقىشتىن توختىدى ئۆيدە
بىر تاغ هويلىغا يىقىلدى

قەغەز پارچىلىرىدىن ياسالغان يۈرەك
ئۇچۇپ شامالدا لەپ ـ لەپ
لەپ ـ لەپ
كەتتى يىراقلارغا يارنى ئىزدەپ

تېنىم زىرىككەن گۆشتىن، سۆڭەكتىن
قوللىرىم ئەقىلدىن ئازغان، ياۋايى
بىر پۈتۈم يەنە بىر پۈتۈمنىڭ ئۈستىدە
ئۆلگەن...

2008 ـ يىلى 28 ـ ئاۋغۇست. خوتەن



## قايتىش ناخشىسى

قايتقىنىدا ئورمانغا قۇشلار
پەيلىرىنى سىلكىپ شادىمان،
مۇھەببەتلىك پەرۋاز كۆيگە
تولار سۆزۈك ۋە چەكسىز ئاسمان.

نالە - زار ۋە پەريادتىن كېيىن
جىمجىتلىققا قايتقاندا ناخشا،
باھاردىكى ئەگىز سۈيدەك
سىڭىپ كېتەر دىللارغا ئاستا.

سەپىرىنى تاماملاپ تولۇق
قايتقان چاغدا تۇپراققا ئادەم،
ۋىسال ئىچرە تاتلىق تولغىنار
پايانىغا سىغمىغان ئالەم.

چەكسىزلىككە قايتقاندا شېئىر
چەك - چېكىدىن يىرتىلىپ سۆزلەر،
تىلسىم كەبى ئېچىلار بىر - بىر
ھاياتتىكى ھەممە ئىشكلەر!

2008 - يىلى 29 - ئاۋغۇست. خوتەن



# سىدىق دۆلەتنىڭ دوستلىرىغا بولغان مۇھەببىتى

دوستلار
يىرگىنىشلىك خىياللىرىمىزنى ئاشكارىلىمايلى
ئۇلتۇرۇپ تۇرسۇن ئىتىكاپتا.
ئۇرۇش، قىرغىنچىلىقلارنى قانات يايدۇرمايلى
ساقلاپ تۇرسۇن كونا كىتاپتا.
ئاشكارىلىمايلى
پارقىراق ئاياغلىرىمىز ئىچىدىكى يىرتىق پايپاقنى...

ئىككى پۇتىمىز قەبرىگىچە بارالايدۇ
ئىككى كۆزىمىز ئۇپۇققىچە كۆرەلەيدۇ
ئىككى قۇلىقىمىز ئاشكارا ئاۋازلارنىلا ئاڭلىيالايدۇ
بىراق كۆڭلىمىز بىزنى تاشلاپ
بىز بارالمىغان يەرلەرگە كەتمەكچى!

مەن
ماشىنىلارنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن
بىنالارنىڭ يىقىلمايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن.
ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا
مۇنبەت ئېتىزلار، يېزا ـ قىشلاقلار
ۋە بىر نەچچە دەريا بولۇشى مۇمكىن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا
ياشلىقى ئۇرغۇغان ، شەھۋىتى قايناپ تۇرغان
قىران شەھەرلەر بولۇشى مۇمكىن،
ئىككى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا
جەسەتلەر تاشلىنىپ ياتقان، ماڭسا تۈگىمەس
ئىپتىدائىي چۆللەر بولۇشى مۇمكىن،
ئىككى چۆلنىڭ ئارىسىدا
ئەلمىساقتىن مېڭىپ هارمىغان
شۇ مېڭىشلىرىدا ئۆلۈمدىنمۇ هالقىپ كەتكەن
روھ كارۋانلىرى بولۇشى مۇمكىن،
بىراق ئىككى ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا
«ماقۇل» ياكى «ياق» دېگەن ئىككى ئېغىز گەپتىن باشقا
بىرەر نەرسىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن!

دوستلار
تەگرىگە بويۇنتاۋلۇق قىلمايلى.
سۆزلەرنىڭ قەددىنى قاتلاپ
تەپەككۇرنىڭ پوق - سۈيدۈكلىرىدىن ئاتلاپ
ئىچىمىزدىكى جاڭگالدا
تەسەۋۋۇرىمىزدىكى ئايالنىڭ قۇرۇپ - قاخشال بولۇپ
كەتكەن شاخلىرىغا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغۇچە
تەگرىنىڭ ۋە ئۆزىمىزنىڭ نام - شەرىپىمىزنى ساقلايلى.

دوستلار
سىلەرنى دېمىسەم
شېئىرنىڭ ئادەمنى ئازغۇنلۇق چۆلگە باشلاپ قويۇپ ئۆزى
غايىب بولىدىغانلىقىنى



ئاشكارىلىنىۋەتكەن بولاتتىم.
بىراق
سىلەر شېئىرسىز ياشىيالمايسىلەر
ياشىيالمايسىلەر...

2008 ـ يىلى 29 ـ ئاۋغۇست. خوتەن



www.uyghurkitap.com



## ئاشۇ كۆڭلۈم، كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىلىرى ئۈزۈلگەن...

ئاشۇ رەڭلىك ئېرىقلاردا ئاققان سۆيگۈ قوشقى،
ئاشۇ ناخشا، ئاخىرلاشقان يىغلاپ خەندە ئۇرغانچە.
ئاشۇ ئىشىك، كىر گۈزمىگەن مېنى يارنىڭ قوينىغا،
ئاشۇ كىيىم، قويغان مېنى يالىڭاچلاپ بارغانچە...
كىتابلاردا كېزىپ يۈرگەن جاراھەتلىك ئىسىملار،
شېئىر بولۇپ ئېقىۋاتقان قان ـ يىرىڭلار كەلكۈنى.
ئىچىمدىكى ئاشۇ زىندان، گۈل ـ چېچەككە پۈركەنگەن،
ئاشۇ سۆيگۈ، بولغان مەستخۇش تەنلەر ئارا دەپسەندە...
ئۆلۈمىنىڭ تويلار كەبى ئاخىرلاشماس ناۋاسى،
ئاشۇ مۇقام، چۆللەر ئارا يۈرگەن مېنى يېتىلەپ.
ئاشۇ كۆڭلۈم، كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىلىرى ئۈزۈلگەن،
ئاشۇ گۈللەر، بىر ـ بىرىگە بولغان كۈنداش ـ كۈشەندە...
ھايات پەقەت بىرلا گەپتۇر، ئۆلۈممۇ ھەم بىرلا گەپ،
ئاشۇ گەپنى توشۇۋاتقان بىز ھەممىمىز ھارۋىكەش.
ۋەتەن دېگەن سۆيگەن ياردۇر ياكى گۈزەل بىر شېئىر
ئاشۇ مەستتۇر ياكى يولدا قۇسۇپ ياتقان شەرمەندە...
بەلكىم شائىر مەن ئەمەسمەن، ئاشۇ ئويچان بىر يۇلتۇز،
ئۇنىڭ يارقىن نۇرلىرىغا تەسەددۇقتۇر كېچىلەر.
كېتىپ قالسام گەر بىر كۈنى بۇ دۇنيادىن خوش دېمەي،
كەچۈرۈڭلار، كەتكەن ئوغۇز دەل ئاشۇ كۈن ـ يەكشەنبە!

2008 ـ يىلى 1 ـ سېنتەبىر. خوتەن



# ماڭا زۇلۇم سالغان ئىككى سۆز بار

ماڭا زۇلۇم سالغان ئىككى سۆز بار؛
بىرى مۇھەببەت، بىرى ئۆلۈم.
بىر بۈيۈك قازى كەبى يەككە ـ يەككە
ئۇلارنىڭ قولىدىدۇر بارچە ھۆكۈم.

مېنى ئۆلتۈرمەكچى بىر تال گۈل بار،
سانچىلغان تىكەنلىرى يۈرىكىمگە.
ئۇنىڭ پۇرىقىدىن مەستمەن بىراق،
ئۇ مېنىڭ شېئىرلىرىم، شېئىرلىرىم...

بىر يول بار يۈرگەن مېنى ئېزىقتۇرۇپ،
ئۇ مېنىڭ خىيالىمدۇر ئايىغى يوق.
ئەۋلىيا بولغىنىمغا يۈتتۈم ئاخىر
ئۇندا مەن يالغۇز يۈرۈپ، يالغۇز يۈرۈپ...

ماڭدىم چىن ئىنسانلىققا قاراپ ئاخىر،
ئەي تەڭرىم يولنى، ماڭا يىراق ئەتمە.
ئىككى مو يېرىم بولسا، دېھقان بولسام
بىر ئېرىق سۇنى ئۇندىن يىراق ئەتمە.
گەر ئوغرى بولسام تۈننى قاراڭغۇ قىل،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاراقچى بولسام تاغنى يىراق ئەتمە.
گەر تىرىك بولسام ئۆلۈم بولسۇن ھەمراھ،
ئۆلگەندە تىرىكلەردىن يىراق ئەتمە!...

مەن سېنى قانداق كۆرەي، قانداق سۆيەي،
ئەي تەڭرىم، ئىنسانلىققا يەتمەي تۇرۇپ!

2008 ـ يىل 4 ـ سېنتەبىر. خوتەن



# جۆيلۈش

تەڭرىدىن خەۋەر كەلمىگۈچە
ئىنسانلىقىمغا تەن بەرمەيمەن.

تېرەم تەتۈر سويۇلماستا
قۇياشقا گېپىم يوق.

مېنى تېرىۋالغان ئەخلەت
مۇھەببەت.

مەن بىر دۇكان
دۇنيا ئىجارىگە ئالغان.

مېنى قانغا ئىشەندۈرگەن
ئىچىمدىكى ھايۋان.

شېئىر يېزىش
قاتىللىق قىلىش.

شېئىر ئوقۇش
خۇشال ئۆلۈش.

مېنى چاقىرماڭلار،
غايىب بولىمەن.

www.uyghurkitap.com

چوققىلىرىم تۈزلەڭلىكلىرىمدە
بۇرچۇم
نەپرەت،

جەننىتىم
دوزاختا،

دوزاخ
ئىچىمدە.

دوستلار،
خۇشال ئۇلۇغلار.

2008 ـ يىل 5 ـ سېنتەبىر. خوتەن



# ئاشۇ ئەرۋاھ مەن بولسام

بىر ئەرۋاھ
چىقىپ جىمجىت قەبرە ئىچىدىن،
ئايغا قاراپ ھۇۋلىدى ئۇزاق...

سايىلەرنىڭ پاتپاراقلىرى،
چىرقىرىغان، تىپچەكلىگەن قان.
ئۆلۈۋاتقان قايتا تۇغۇلۇش،
تەن بىلەن روھ ئارىسىدا
دار باغلىغان مەردانە شەيتان...
سۆڭەكتىكى ئىگىز ھارۋىلار،
ئىسسىق گۆشلەر ئارا ئىت قاۋاپ،
كىرپىكلەردىن ئۇزىغان كارۋان...
چوغ چاچرىغان رۇخسارى ئاينىڭ،
گۆلەختىكى چۇشلەرنىڭ
جۇۋىسىدىن چاچرىغان پىتلار...
جەننەت، دوزاخ ئارىسىدىكى
ئاشۇ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ
كەلگەن چاغدا ئىشىك ئالدىغا،
سۆيگۈدەك، ئاھ، ھېچكىم قالمىغان...

ئاشۇ ئەرۋاھ مەن بولسام

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلارمىدىم دەردىمنى بايان
كېتىۋاتقان ماشىنىلارغا؟
ئىمارەتلەر ئېگىز ۋە يالغان،
قەسەم كەبى قاتتىق بۇ كۈنلەر،
ماڭارمىدىم هاشارغا؟!

لېكىن ئاسمان بىردەم پەسلىمەس،
تۇپراق تىترىمەس...
سۆيگۈ بىلەن نەپرەتنىڭ
ئېزىقىش ۋە گۇمراھلىقلارنىڭ
مەركىزىدە ئىدىم يەنىلا
ئاشۇ ئەرۋاھ مەن بولسام!

2008 ـ يىلى 9 ـ سېنتەبىر. خوتەن



# يۈرىكىمنىڭ يېنىدا ئولتۇر

قولۇمدىكى بارماقلارغا كەل،
تىرنىقىمنىڭ ئاستىدا توختا.
تېنىمدىكى تىترەكلەرگە چۆك،
جېنىمدىكى ئايۋاندا ئۇخلا.

ئۆسۈپ كەتتى ساقال ـ بۇرۇتۇم،
سېنىڭ كېلەر يولۇڭغا قاراپ.
يۈرىكىمنىڭ يېنىدا ئولتۇر،
تۈنلىرىمگە ياندۇرۇپ چىراغ.

باغلاپ قويسۇن مېنى قۇل كەبى
كۆزۈڭدىكى زەنجىر ـ كىشەنلەر.
ئۆلسەم ئەگەر كۆكسۈمدە قالسۇن،
ئۆزۈڭ سالغان شۇ سۇنۇق خەنجەر!

2008 ـ يىلى 12 ـ سېنتەبىر. خوتەن

www.uyghurkitap.com



# كۆزلىرىڭدە لىققىدە ئاسمان

كۆزلىرىڭدە لىققىدە ئاسمان،
يۇلتۇزلىرى يارىدار بولغان.

چېچىڭدىكى ئۇزاق كېچىدە
جاراڭلايدۇ ھارۋىكەشنىڭ ناخشىسى

تولغان كۈيلەرنىڭ ئاياغ ئىزىغا
لەۋلىرىڭنىڭ گۈل ئېچىلغان ئەستىرى.

گۈزەللىكنىڭ قانخور ۋە ياۋۇز،
قۇل قىلىدۇ ئىتائىتىڭ.
تاشلايدۇ، ئاھ، دوزاخقا مېنى
باغرىمدىكى ئىبادىتىڭ.
كۈلكىلىرىڭ ئۈزۈلگەن چېچەك،
كۆز ياشلىرىڭ رەھىمسىز قىلىچ.
سەن بار يەردە ئۇرۇش، يەر تەۋرەش...
ئالەم مەڭگۈ بولمايدۇ تىنچ!

سەن كېلسەڭ، تاملار ئۆرۈلەر،
قاۋاپ كېتەر كۆڭۈل ئىتلىرى.
سەن كېتسەڭ، چېقىلار جاملار،
ئەگىشىدۇ ئارقاڭدىن تاملار...



سەن ئۆلسەن، تىرىلەر مېنىڭ
قەلبىمدىكى مەڭگۈلۈك دىلدار.
سەن
تەن ئىچىگە مۆكۈنگەن جانسەن،
پەقەت ئۆلۈم، ئۆلۈملا پەقەت
سېنى ماڭا قىلدۇ ئىزهار...

2008 ـ يىل 14 ـ سېنتەبىر. خوتەن



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# رەيھان

## 1

...
رەيھان،
ئىشىكىم ئوچۇق
مەرھەمەت!
باشقا سۆزۈم يوق قىلغۇدەك بايان.
كۆكسۈمدە ئوق
ئۆلۈپ قالغان، ئالالمايدۇ جان.
ھەۋەسىڭنى قاندۇرار دەردىم ـ
بىر كوزىدا لىپمۇلىق ھىجران.
توزۇپ كەتتى ئەپسۇن چېچەكى،
ئازدى دىلدىن ئىلاھىي كارۋان...
تۆمۈرچىلەر
بازغان بىلەن سەندەلگە يىغلاپ
سوقۇپ تۇرار ئۆز خىيالىنى.
قىرىپ كەتكەن ئەينەكلەر
سىغىندۇرار يار جامالىنى.
كوچىلارغا تولغان جەسەتلەر،
ماشىنىلارنىڭ ھەسرەتلىك ئاھى،
ئەۋرەزلەردە ئاققان ئالدىراش
مۇقامىنىڭ يېڭى باھارى...



رەيھان،
ساڭا بىر ئېغىز گېپىم بار ئىدى!

2

ئۇ كوچا بىلەن بۇ كوچا ئوتتۇرىسىدا
ساڭا بولغان سېغىنىش ـ نەپرەت،
ئۆلۈكۈمنى كۆرسەتمەي
توشۇپ يۈرەر قەبرىگە جەسەت.
ئېچىلغىنىڭنى كۆرگۈم يوق ئىدى
قان ـ يىرىڭلىق رېئاللىقىمدا.
شېئىردا
بىر بۇردا گۆشۈم، بىر تال سۆڭىكىم،
بىر تال تۈكۈم، بىر تىنىقىم
ساڭا قاراپ كېتىۋاتقاندا
مەن يوق ئىدىم قەلبىڭدە ئەسلا.
بىلمەس يۇلتۇزلار يىغلىغىنىمنى،
بىلمەس قارا كېچىلەر
مېنىڭ سېنى سېغىنغىنىمنى...

3

قەلبىمدۇر سەن ئۇخلاۋاتقان ئۆي،
سەن ئېچىلغان شاخ ـ مېنىڭ تېنىم.
ئەگرى ـ بۈگرى بارماقلىرىڭدا
پەرياد سىلىۋاتقان مېنىڭ جېنىم...
ئېتىكىڭنىڭ ئاستىدىكى چوغ
ئالەمگە ئوت قويار ھەر مىنۇت،

www.uyghurkitap.com

مەن ئاشۇ ئوتنىڭ ئىچدە تۇرۇپ،
قەسىدىلەر پۈتتۈم ھاياتقا.
ئېقىپ تۇرغان قارا چاچلىرىڭ
باشلار مېنى ئۇزاق تۈنلەرگە؛
ئۇ يەردىكى ئاپپالتىلار
سۆيۈشۈۋاتقان قاشاڭ ئەرۋاھلار،
ئېگىز ھەمدە ئورۇق جىنلار
قورقۇپ ئۆزىنىڭ كۆلەڭگىسىدىن؛
قېچىۋاتقان ئاي شولىسى ھەم
دەرەخلەرنىڭ رىيازەتلىرى
ئېيتار ماڭا سېنىڭ سىرىڭنى...

4

ئەمدى ئۆلۈم باشلىنار،

ئەمدى
بۇ سەپەرنى تاماملاش كېرەك.
تاشلاش كېرەك قالدۇق ھاياتنى،
كۆيۈۋاتقان يۈرەكتىن بۆلەك.
كىيىش كېرەك جاھاننى باشقا،
يىغلاپ ـ يىغلاپ
كىرىش كېرەك بىر تامچە ياشقا...
رەيھان
مەن ئاز قالغان.
بۇ دەملەر
ئىككى پۈتۈڭدىن كىندىكىڭگىچە،
چېچىڭدىن تىرنىقىڭغىچە



كېتىۋاتقان بىر پارچە ئوت
سەرسان ـ سەرگەردان.

مېنى باغرىڭغا ئال
ئەمدى ئۆلۈم باشلىنار!

2008 ـ يىلى 16 ـ سېنتەبىر. خوتەن





## بىرئاز - بىرئازدىن ئۆلۈۋاتىمەن

بىرئاز - بىرئازدىن ئۆلۈۋاتىمەن،
بىرئاز - بىرئازدىن
قەبرەمگە قاراپ كېتىۋاتىمەن.
ئاۋۋال بېشىمدىن چۈشتى بىر تال چاچ
ئاندىن
چۈشتى دومىلاپ باغرىمدىكى تاش.
ئاخىرلاشتى دەرەخلەرنىڭ سالام - سائىتى،
توختىدى تاغلارنىڭ قەدەم تەۋشى،
توختىدى قۇشلار ئېيتىشتىن ناخشا،
توختىدى
دەريالار شاد - خۇرام ئېقىشتىن ئاستا...

مۇزىكا
قايتالماس ئەمدى جىمجىتلىققا.
شېئىر يېزىلدى، يېتەلمەس ئەمدى
ئاشۇ گۈزەل ھەم چەكسىز يوقلۇققا.
قايتۇرۇپ بېرەلمەس كىيىملەر
يالىڭاچ تېنىمنى، لاۋۇلداپ تۇرغان...
قايتۇرۇپ بېرەلمەس ئەينەكلەر
ياشلىق جۇش ئۇرغان چىرايىمنى ھەم...
ئاۋۋال يېدى مېنى ئاچ ئەرۋاھتەك نان،



ئاندىن يېدى ئايالىلار مۇھەببەت بىلەن.
يېدى شان ـ شۆھرەت، پۇل، ھوقۇق ئاندىن،
يېدى
يېدى پارچىلاپ،
مەن بىلىدىغان جىمى نەرسىلەر...

يىرىم كېچىدە
بارماقلىرىمغا يۆگەلگەن يىغا ئاۋازى،
ئاستىمدىن ئۆمىلەپ قاچقان قەبرىلەر،
كىرپىكىمدىن سىرغىغان بىر تامچە ياش،
سۆرەپ كەلگەن پەرياد ـ نالىلەر...
قىزىل گۈلنى ئەسلەتكەن قان،
ئېھ،
قىزغىن ھەم ئەسەبىي ئاشۇ جەريان.
ئەنسىز چىرقىراشتىن كېيىنكى جىملىق
ئۆلۈمگە ئوخشاش شېرىن ھاياجان.
يار ـ
روھىمدىكى ئەبەدىيلىك دار،
دارنىڭ تۈۋىدىكى سانسىز ئالامان.
خەير! دەپ قول پۇلاڭلىتىۋاتقان قۇياش،
قۇياش ئاستىدىكى
بىرئاز ـ بىرئازدىن ئۆلۈۋاتقان دۇنيا...

ئۆلمەسلىككە چارە يوق،
خۇشال ئۆلۈشكە ئىزدەيلى ئىمكان.
دوستلار
بىرئاز ـ بىرئازدىن ئۆلۈۋاتىمەن
بىرئاز ـ بىرئازدىن...

www.uyghurkitap.com



ئۆلۈم بىر قېتىملىق مۇھەببەتلىشىشتۇر
ئۆز - ئۆزىمىز بىلەن.
ياكى ھاياتلىقنىڭ مەنىسىدۇر
بىز ئىزدەۋاتقان ئۇزۇندىن بېرى.

2008 - يىلى 17 - سېنتەبىر. خوتەن





# بىر دەم ئۇخلا

بىر دەم يۈرىكىڭنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم،
بىر دەم لەۋلىرىڭگە تەلمۈردۇم دەريانىڭ يەنە بىر
تەرىپىدىكى قىرغاقتەك
چاچلىرىڭ ياستۇقتا يېيىلغان تارام - تارام.
بىر دەم
بارماقلىرىڭ ئارىسىدا ئالدىم ئارام...
ئۇخلا، ئۇخلا
كۆزۈڭنى ئاچما،
سېنى قوغدار كىرپىكىڭدىكى قاراۋۇللار
ۋە مەڭزىڭدە قىلىچتەك چاقناپ تۇرغان بىر
تامچە ياش...
مەيدەڭ ئويغانماستا نەقەدەر يەڭگىل،
تېنىڭگە چوڭقۇرلاپ كىرگەن بىر قاتىل.
كۆزۈڭنى ئاچما، ئاسمان يىقىلار
قېچىپ كېتەر چۈشۈڭدىكى
چۆچۈپ كەتكەن بۇغىلار...
ئۇخلا، يېنىڭدا ئازاب - ئوقۇبەت،
جاراھەت باسقان بىر غېرىب يۈرەك.
سېنى سۆيۈشتىن قورقىدىغان كېسەل ئىت
ئۆلۈپ قالار، كۆزۈڭنى ئاچما...

يېڭى بىر ئۆلۈمنى ئەسلىدىم
قۇچىقىڭدا گۈل پۇراۋېتىپ...
ئەينەكلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى سەندە توختىدى.
شەھەردىكى بارلىق ماشىنىلار قېچىپ كەتتى،
گۈللەر بىر مىنۇت يىغلىدى.
بىز سۆيۈشۈپ تۇرۇپ سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق،
ئالدىمىزغا ئىككى قەلەندەر ئۇچرىدى:
بىرى زامان، بىرى ئالەم
قۇياش كۆيۈپ ئۆلدى، دېدى...
تاغ ئارقىسىدىكى قۇياشنىڭ ئوت كەتكەن كەپىسىدە
مۈكچىيىپ ئولتۇرار يەنە بىر تاغ.
تاغنىڭ ھەر بىر تېشى
ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ كۆز يېشى ئىدى...
بىز ئوتتىن بىر قاقلام ئالدۇق،
خادا قۇيۇن ئىچىدە قالدۇق،
جىنلار بىلەن ساما سالدۇق...
پەرىزاتنىڭ ئىسمى يوق ئىدى،
تۇتۇن ئىدى كوزىدىكى
دىۋىنىڭ جىسمى يوق ئىدى...
قېچىپ چىققان جەننەتتىن
ئاپئاق ساقاللىق بىر ئەرۋاھ
دوزاخ ئازابىنى قىلاتتى بايان.
ئۇ مېنى چاقىردى
ئەي ئاشىق،
مۇھەببەتنىڭ دوزىخىدىن
جەننەتكە يەتكىچە



ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويما،
قەلبىڭدىكى دوزاخ ئوتىنى...

ئۆلۈپ قالسەن كېسەل ئىتتەك
ياكى
توزۇپ كېتسەن شېرىن چۈشتەك...
بىردەم ئۇخلا، چۈشلىرىڭدە
بىردەم تۇراي،
بىردەم تۇراي!

2008 - يىلى 24 - سېنتەبىر. خوتەن



www.uyghurkitap.com



# ئەزەلدىن قانمايدىغان بالا ئىدىم مەن

ئەزەلدىن قانمايدىغان بالا ئىدىم مەن،
تاشتەك سۈكۈناتتا ئېزىلىپ يىغلاپ.
قۇمدەك تال ـ تال چېچىلىپ،
بورانلار نالىسىگە قېتىلىپ يىغلاپ.
قۇياشنىڭ زۇلمىدىن
يۇلتۇز شولىسىغا ئېسىلىپ يىغلاپ...
چېچىم بوز تۇپراقنىڭ رەڭگىدە ئىدى،
يۈزۈمنى تۇتاتتىم شاماللارغا مەن.
ئېچىپ قات ـ قات گۈل غۇنچىسىنى،
كۆڭلۈمنى تولدۇراتتىم نالە ـ زار بىلەن...

ئەزەلدىن ناخشىلارغا سالمايتتىم كىشەن،
چاچمايتتىم يۇلتۇزلارنى سوغۇق كوچىغا.
چۆل ـ باياۋانلارنى قىلمايتتىم سەرسان
توپا دۆۋىلەپ يىڭنە ئۇچىغا.
ئەزەلدىن
ئىدى ئازابلىرىم قىپقىزىل رەيھان،
ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىم سۈپسۈزۈك ئاسمان.
قەلبىمنىڭ يېرىمى زىمىستان،
يېرىمىدە لاۋۇلداپ تۇراتتى گۈلخان...



بىر كۈنى
كەلدى بىر پىچاق سوغۇقتىن ئاپئاق،
ئۆتتى بىر كارۋان كىرپىكلىرىمدىن
ناخشا ئېيتىپ خىيالدەك يىراق.
قۇياشنىڭ ئاستىدا خۇشال كۈنلەر يوق،
گۈللەر كۆڭلۈمگە ئاتار ئوق.
جېنىمنى ئوينار
بىر خىيال، قوللىرى ئۆلۈمدەك يۇمشاق...

خۇشاللىق يېنىمغا كەلمىدى كۈلۈپ
شۇنىڭدىن بېرى.

2008 ـ يىلى 24 ـ سېنتەبىر. خوتەن



www.uyghurkitap.com



# كۆڭلۈم ئارامدا ئەمەس

كۆڭلۈم ئارامدا ئەمەس، يۇلتۇزلىرىڭنى تەڭلىمە،
قانغا مەيلىم يوق، كۆز ياشلىرىڭنى ئىچمەيمەن.
بىر دەم تىنچلان، شېئىر ئوقۇپ بېرەي،
ئەي مېنىڭ يالغۇزلۇقۇمدىن مەست بولغان ئايال!

قاپقارا چاچلىرىڭنى بويلاپ
ھەر بىر كېچەڭگە ئاياغ باسقانمەن.
تەن زۇلمىتىڭدىكى چىراغنى پەرلەپ،
روھىڭغا دانە ـ دانە مارجان ئاسقانمەن.

خۇش پۇراق يالقۇنلارنى تاپىنىڭدىكى
كارۋانلىرىمغا قىلغانمەن ئۆتەك.
سېنى جېنىمدىكى ئايۋانغا باشلاپ،
ھەسرەت ـ پىغانلىرىمنى قىلغانمەن سەتەك.

چۆللەر يۈكۈنگەن ئىككى كۆكسۈڭدە
بوران ناللىرىدەك چالغانمەن ساتار.
تاغلار يىقىلغان ئالقانلىرىڭغا
تىزغانمەن پەسىللەرنى قاتار ـ قاتار...

كۆڭلەك سىلىشلىرىڭ گۈلگە ئوخشايدۇ،
گۈلنىڭ توزۇشىغا كۈلۈپ تۇرۇپ.

نازلىق بېقىشلىرىڭ جاندا توختايدۇ،
جېنىم پارە ـ پارە، خەندە ئۇرۇپ...
...
يارىم كېلىپتۇ ناۋالەر قىلىپ،
ھەر بىر تۆكۈمدە مۇقام چالغىلى.
قونۇپ كۆكسۈمدىكى پېچاققا،
قۇش بولۇپ سايراپ كۆڭلۈم ئالغىلى.

مېنى ئۆلۈمدىن ئۆلۈمگە چىللاپ
چەكسىز قىلغىلى نادامىتىمنى.
يارىم كېلىپتۇ سۈرگىلى بىردەم
ئەجەل ئالدىدىكى پاراغىتىمنى...

تەڭلىمە شاراب تولغان پىيالەڭنى،
كۆڭلۈم ئارامدا ئەمەس.

2008 ـ يىلى 27 ـ سېنتەبىر. خوتەن

www.uyghurkitap.com

# چالدىم بۇ كۆينى

چالدىم مەن بۇ كۆينى مۇھەببەت بىلەن،
ئاخىرى يوق ئۇنىڭ تار ئۈزۈلگىچە.
ياكى يار ئىشىكىم ئالدىغا كېلىپ،
مېنىڭ بۇ ھالىمغا قاراپ كۈلگىچە...

شاراب قۇي، ئەي سۆيگۈ ساقىسى، ماڭا،
ئۇسسىدى سۆيگۈگە يەر ۋە كائىنات.
كەلسە يار ئەگەردە مەي سوراپ سەندىن،
مېنىڭ بۇ ھەسرەتلىك كۆڭلۈمنى ئۇزات!

2008 ـ يىلى 29 ـ سېنتەبىر. خوتەن



# بازاردىكى مۇقامچىلار

سۇندى سۆڭەكتىكى پىچاقلار ،
سۇندى سۆزلەر قۇرۇق - قاخشال.
چېچىلدى تەنلەردىكى تىترەكلەر ،
تۆكۈلدى خۇرجۇندىكى تىللالار.

سۇ سۇغا كەتتى باياۋانغا،
ئوت ئوتقا كىردى يالاڭ ئاياغ.
يەر ۋارقىرىدى: قان، قان...
قىزىل رەڭگە كىردى ئاسمان
تۈكلەر نەيزە بويى ئۆرلەپ كۆككە،
غۇلاپ چۈشتى ھەيۋەت بىلەن
كۆكسۈمدىكى قارا زىندان...

تۈگمەس مۇھەببەتتە شاراب ئىچىپ،
ئولتۇراتتىم ئۆزۈم تەنھا سۆھبەت بىلەن.
ئاۋۋال كەلدى چۆگۈن ئەسسالام دەپ،
ئاندىن پىيالىلەر شەربەت بىلەن.
كەلدى قەلەندەرلەر «ھۇ...» تارتىشىپ
ئىشق دەپتىرىنى يىرتىپ زار - زار.
كەلدى دۇتار بىلەن داپتىن كېيىن،
ئەجەمگە دوست تارتىشىپ تەمبۇر، ساتار.

www.uyghurkitap.com



ئاندىن
يار كەلدى ناز ـ كەرەشمە بىلەن ئويناپ،
قولدا قاشتېشىدەك سۈزۈك خەنجەر.
تۈگىگچە ئۇنىڭ كۆڭۈل ئىزھارى، ئاھ ،
تەندە جان تۇرسا بىردەم، تۇرسا بىردەم...

2008 ـ يىلى 8 ـ ئۆكتەبىر. خوتەن





# كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە

قاقىلدايدۇ بىر ئالا قاغا
كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە.
قۇياشتىنمۇ يىراق بىر جايدا
ھۇۋلايدۇ بىر ياردار بۆرە.

ياشىغۇدەك سەۋەب قالمىدى،
ئۆلۈشكە ھەم يوقتۇر باھانە.
كۆرۈپ قالدىم ھاۋا ئانىنى
قىپيالىڭاچ تۇرار ئەينەكتە.
بىر سۆيۈشتە گۈلدەك توزۇدى،
ئۇ مىڭ يىللاپ چەككەن رىيازەت.
كېلەر ئاشۇ تۇنجى سۆيۈشۈش
بۇ ئالەمگە باشلاپ قىيامەت...

دەرۋازىدا بىر ئالتۇن قۇلۇپ،
ئاچقۇچىنى قويغان يوقىتىپ،
مېنىڭ كۆڭلۈم... دېدى بىر ئايال
چىقىپ كەتتى كوچىغا دەرھال...
بىر ئەر
چىڭقى چۈشتە چاڭقاپ كەتكەن يەر.
«خۇدا» دېدى يامغۇر ياغمىدى،

www.uyghurkitap.com

ياغدى ئاسمان
قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزغا قەدەر...

تىرىكلىكىم بىر ساختا نىقاب،
مېنىڭ تويۇم ئۆلگەندە يارىم.
تىلغان چاغدا باغرىمنى مۇڭدا،
ئۆزۈم چالغان تەمبۇر، ساتارىم.
كەلگەن يېرىم مۇھەببىتىڭدۇر،
بارار يېرىم بولار ئەلۋىدا.
قۇرۇپ كېتەر پۈتكۈل تەبىئەت،
لەۋلىرىمىز ئۇچراشقان جايدا.

خەير،
ھەممە جايدا نامىم دىۋانە.
سايرايدۇ بىر ئالا قاغا
كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە!

2008 ـ يىلى 22 ـ ئۆكتەبىر. خوتەن

# لىققىدە مۇھەببەت قاچىلانغان
# شامال ھارۋىسىدا

لىققىدە مۇھەببەت قاچىلانغان شامال ھارۋىسىدا،
خازانلارنىڭ مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرىدا ئۇكلىشىپ كەتكەن قانىتىدا؛
سۇنىڭ ناخشا ئېيتقانچە ئۇيقۇغا كېتىۋاتقان كۆزلىرى ۋە
تۇپراقنىڭ باغرى قاتتىق ئاتىدەك گۈس - گۈس قەدەملىرى ئاستىدا
سېنىڭ سېغىنىشقا تولغان چىرايىڭ...

بىر سۆز يەتتە قات ئاسماننىڭ يەتتىنچى قەۋىتىدىن كېلىپ
مېنىڭ يۈرىكىمنى ماكان ئېتىپ،
ئويغاتتى ھەر بىر تىنىقىمدا ئۇخلاۋاتقان سۇبھانىنى.
بىر ناخشا ئاۋازىمدىن قىلىچتەك سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ،
ئۆلتۈرۈۋەتتى يۈرىكىمنىڭ يېنىدا ساڭا قاراپ يىغلاۋاتقان
ھايۋاننى.
بىر نىدا
يەرنىڭ يەتتىنچى قەۋەت تەكتىدە سۆڭەكلىرىمدە قىلىچ تاۋلايدۇ.
كۆز ياشلىرىمدىكى كېشەن - زەنجىرلەر
سېغىنىشنىڭ دالاسىدا مەست بۆرىدەك ھۇۋلايدۇ...

بىر بىنا پەلەمپەينىڭ يېنىدا توختىدى،
بىر دېرىزە تونۇش يىغا ئاۋازىغا قۇلاق سالغانچە يىغلاشقا باشلىدى.
قوللىرىم خوش دېگەن پېتى پۇلاڭلاپ قالغان،
سېنى ئېلىپ كەتكەن ماشىنا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆز غازاڭلىرىدەك،
شامال ھارۋىسىدەك،
لىققىدە مۇھەببەت قاچىلانغان!...

2008 - يىلى 23 - ئۆكتەبىر. خوتەن



# بۈگۈن ھەم ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئۈستىدە...

بۈگۈن ھەم ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئۈستىدە
كۆرۈنمەس غەم ـ قايغۇنىڭ بۇلۇتلىرىدىن ئۆزگە
ھېچنېمە...

بۈگۈن ھەم قۇياش ھەسرەتلىك چىراي كەبى تۇتۇلغان،
كىممۇ قەلبىدىكى قورقۇنچلۇق تەنھالىقنىڭ
ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلغان؟
كىممۇ ئەگىپ ئۆتەلگەن نۇرلۇق كۆزلەرنىڭ
مۇھەببەتلىك ئىشارەتلىرىدىن؟
كىممۇ ھەر كۈنى
ھەردەم
ئۆزىنى دالدىغا ئالالىغان قىيامەتنىڭ بېشارەتلىرىدىن؟

بۈگۈن ھەم يالغۇز
ئويچان بىر تاشنىڭ يېرىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان،
تاشنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئولتۇرغان
مېنىڭ يالغۇزلۇقۇم...

بۈگۈن ھەم
ئۆلۈمنىڭ ھەممە ئىشكلىرى ئوچۇق!

2008 ـ يىلى 28 ـ ئۆكتەبىر. خوتەن



# ساگا...

ساگا بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن
ئاسمان ئوردىسىنىڭ پەلەمپىيىنى ياساپ بېرەي؛

ساگا بىر نەپەس ـ بىر نەپەستىن
ئاسماندىكى بارلىق يۇلتۇزلارنىڭ ئۆمرىنى ياشاپ بېرەي؛

ساگا بىر تامچە ـ بىر تامچىدىن
ۋۇجۇدۇمدىكى بارلىق ئىرىق ـ ئۆستەڭلەرنى باشلاپ بېرەي.

ساگا
تېنىمنىڭ گۈل ـ چېچەكلەر بەرق ئۇرغان نەۋ باھارىنى،
قەلبىمنىڭ پۈتمەس ئازابلاردا گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئەنھارىنى،
كۆڭلۈمنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى كىشى خۇدانى سېغىنغاندەك
چەكسىز ئىنزھارىنى،
روھىمنىڭ تەنھالىقىنىڭ جىن ـ پەرىلىرى ناخشا ئېيتىۋاتقان
قاراڭغۇ غارىنى
تاشلاپ بېرەي!...

ساگا
تۈن جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ جەررە سېلىپ كېتىۋاتقان بۇ زور
كارۋان
مەندىكى غېرىبانە جان!...

2008 ـ يىلى 28 ـ ئۆكتەبىر. خوتەن



# دۇنيادىكى ھەممە ئادەم سۆيگەن ياردىن ئايرىلغان

كېمەم ئاقار كۆز ياشلاردىن بىر دەرياني ئىزدەيدۇ،
روھىم مۇدھىش قەپەسلەردىن كەڭ دۇنيانى ئىزدەيدۇ.
كۆڭلۈم سۇلتان بولۇپ يىغلاپ ئالتۇن تەختىنىڭ ئۈستىدە،
چىن ئىنسان بوپ تۇغۇلماققا بورىيانى ئىزدەيدۇ.

غايىب بولغان قەبرىلەرنىڭ ئايدىڭدىكى شولىسى،
كىرىپ ـ چىقىپ تۇرغاندا جان، تەنىنىڭ قىلغان نالىسى،
ياشنىڭ ئوتقاش بارماقلىرى، قاننىڭ سۈزۈك غايىسى،
ئۆلۈكلەرنىڭ چۈشىدىكى تۇتيانى ئىزدەيدۇ.

نالە قىلىپ كۆككە باقسا، كۆكتىن ئاسمان كەلمىسە،
دۈپۈرلىسە يۈرەكتە ئات، يەردىن زۇۋان كەلمىسە،
مۇھەببەتتىن مۇھەببەتكە بۇيرۇق ـ پەرمان كەلمىسە،
ئۆرە بولۇپ دىلدا ھەسرەت بىر گۇناھنى ئىزدەيدۇ.

كۈندۈزدىكى شوخ گۈللەرنىڭ قاناتلىرى قايرىلغان،
دۇنيادىكى ھەممە ئادەم سۆيگەن ياردىن ئايرىلغان،
كېزىپ قەلب چۆللىرىنى، بولۇپ سەرسان قەلەندەر
ئۆلۈم ئاتلىق ئاشۇ گۈزەل دىلرەبانى ئىزدەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

چۆللەر كېزىپ، جاننى بېرەر مەشۇقىنىڭ باغرىدا،
مەشۇقلارنىڭ باغرىدىدۇر ھەممە ھىجران ـ بالالار،
كەت، ئەي غوجى، قاپقاراڭغۇ زىنداندىن ۋىسالنىڭ،
چىن ئاشىق يار قۇچقىدىن كەربالانى ئىزدەيدۇ.

2008 ـ يىل 30 ـ ئۆكتەبىر. خوتەن



# ئاسمان - زېمىن ئۇچراشقان جايدا سېنى كۆردۈم

ئاسمان - زېمىن ئۇچراشقان جايدا سېنى كۆردۈم،
زەنگەر ئۇپۇقنى ياغلىق قىلىپ ئارتىۋاپسەن.
پۇتۇگىنىڭ ئۈستىدىكى ئۇيقۇغا كەتكەن بۇلۇتلار،
نېچۈندۇر
بۇلۇتلارنىڭ چۈشىدىكى گۈلۈرماما، چاقماقلار
دىققىتىڭنى بۇزالماس...

قانداق بولغىيدى
يارىلىشتىن ئىلگىرىكى كائىنات، ئالەم؟
قانداق بولغىيدى
تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىكى مەۋجۇدات، ئادەم؟
يوق نەرسىلەرنى سېغىنىمەن،
سېغىنغان نەرسىلىرىمنىڭ يوق بولۇشىنى تىلەيمەن.
سېغىنغاندەك خۇدانى
ئۆرلەپ بۈيۈكلۈككە، يوق بولغانسېرى...

سەن ئۈنسىز قاراپ تۇرسەن
چوڭقۇر سۆيگۈ بىلەن بۇ بىردەملىك دۇنياغا...

2008 - يىل 4 - نويابىر. خوتەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مېنىڭ كىتابىمنى ۋاراقلاپ باققان يوق

مېنىڭ كىتابىمنى ۋاراقلاپ باققان يوق،
كىتابىمنىڭ ھەر بىر ۋارىقىدا
توختاپ ـ توختاپ
توختاپ ـ توختاپ... يىغلاپ باققان يوق...

ئۇ يېزىلمىغان كىتاب ئەمەس،
لېكىن كۆزگە كۆرۈنمەس.
ھەسرىتىمنىڭ نەم قولياغلىقى
سۈرتۈپ تۇرار ئۇنى ھەرنەپەس.

بەزى بەتلەردە بوۋاقلار يىغلاپ،
بەزى بەتلەردە ئاتىلار كىشنەيدۇ .
بەزى بەتلەردە خورازلار چىللاپ،
بەزى بەتلەردە ئىتلار قاۋايدۇ...

مەن ئانامنىڭ ئېتىكىگە چۈشكەندىن كېيىن،
ئاتامنىڭ تەلپىكىگە چۈشكەندىن كېيىن،
كۆزۈمنى ئېچىپ
نۇرلۇق بىر دۇنيانى كۆرگەندىن كېيىن
باشلانغان بۇ كىتاب...

ھەر بىر ھەرپ يارا ئېغىزى،
يارا ئېغىزىدىن
ئېقىپ تۇرار مۇھەببەتنىڭ قان ـ يىرىڭلىرى.
تاغلارنىڭ بېشى چۇشكەن،
چۇۋۇلۇپ كەتكەن يەرنىڭ ئۇچىيى...
بەزى بەتتە لاۋۇلدايدۇ ئوت،
بەزى بەتتە دەريا قۇيۇقۇرۇق.
بەزى بەتتە بار پۈتكۈل ئالەم،
پەقەتلا مەن يوق...
بەزى بەتلەردە
داتلىشىپ كەتكەن تۆمۈر كېشەنلەر،
پۇرلىشىپ كەتكەن قەغەز كېشەنلەر.
يالغان ئاسمان ئەينەكلەردىكى
قىينالغان جان تىترەكلەردىكى...
بەزى بەتلەردە
مەن قامالغان قاراڭغۇ زىندان،
زىنداندىكى ماڭا قامالغان
قىپقىزىل رەيھان...

مېنىڭ كىتابىمنى ۋاراقلاپ باققان يوق.

2008 ـ يىل 5 ـ نويابىر. خوتەن

www.uyghurkitap.com



## كىمنىڭ يۇلتۇزلىرى ئاسمانىدىكى...

كىمنىڭ يۇلتۇزلىرى ئاسمانىدىكى نۇر چېچىپ تۇرغان؟
كىمنىڭ شەيتانلىرى ئاينىڭ ئېتىكىدە دۇرۇت ئوقۇپ
ئولتۇرغان؟
كىمنىڭ ناخشىسى ئۇ «ئايارەي»...
تارنى ئۈزۈپ، قارنىنى يېرىپ دۇتارنى سۇندۇرغان؟!
تۇرسۇن بىردەم ئېتىكاپتىن قارنى ئاچقان گۇناھ كەبىرلەر،
بىردەم دارنىڭ تۈۋرۈكلىرىدىن ئۇچۇپ كەتسۇن كەپتەرلەر،
بىردەم يىرتىلسۇن
مۇھەببەتنى شەرھ ئەتكەن تەن ـ بەدەنلەردىن پۈتكەن دەپتەرلەر...
ئوچۇق گۆرلەردەك كۆزى ئوچۇق،
ئوتى ئۆچكەن ئوچاقتەك، سوغۇق ساغرىدەك،
قىيا ئېچىلغان ئىشىكتەك، يارنىڭ تېغىدىن قاچقان كىيىكتەك
بىردەم يالغۇز
ئۆز ھەسرىتىگە چۆمۈلسۇن يۈرەك!
تېرەكلەر ئاخشامدىكى يالىڭاچ ئەرۋاھلار
ئەپسۇن ـ ئايەتتەك مەستخۇش ياپراقلار چالغان چاۋاكلار
كىنودىن قايتقاندەك يېزا قىزلىرى،
مايسىلار ئۇسسىغان سۆيگۈ ئىتىزى،
كەندىر پۇرىقىدەك خۇمارلىق جانان
كېلەر قاچان
ئىتىزغا ناخشىسىنى توۋلاپ شادىمان؟

جېنىمنىڭ بىر تىلىلا ئوق،
ئون سەككىز تال قوۋۇرغامنىڭ ھەممىسى سۇنۇق.
ھەر بىر تۆكۈمنىڭ ھەر بىر ناخشىسى
ياڭرار قەھرىمانلار توۋلاۋاتقان مەيداندا.
ھەر نەپىسىم ئەبەدىيلىك ئىمارەت ئۆچۈن
خىش پىشۇرار تىنىقىمدىكى خۇمداندا.
دەرۋىشلىك تونىمنى بورانغا بېرەي،
ئىسسىق جېنىمنى ئالغانغا بېرەي،
قالغان بىساتىمنى
يار تەرەپتىن كەلگەن شامالغا سورۇۋېتەي!...

2008 ـ يىل 11 ـ نويابىر. خوتەن

www.uyghurkitap.com



# مەن سېنى چۈشۈمدە كۆردۈم تولۇن ئاي

مەن سېنى چۈشۈمدە كۆردۈم تولۇن ئاي،
ياغلىقلىق يېيىلغان ئاسماندەك ھەيۋەت.
بارمىقلىق چاقىرغان تىللا ئۈزۈكلەر
يۇلتۇزدەك چېچىلغان ئازاب ـ ئوقۇبەت.

چۈشۈمدە سەن دەريا تەلمۈرگەن سۇغا،
ئېگىز تاغ ئۈستىدە بىر يالغۇز گىياھ.
بېشىلىق سەجدىدە، كۆكسۈڭدە ئاسمان،
مەڭزىڭدە سۈبھىدىن ساقىغان سىياھ.

بىر دەم تاپىنىمدا تۇردۇڭ چىمەندەك،
بىر دەم ئوق تەگكەن ئاجىز جەرەندەك.
بىر دەم
تۇردۇڭ يۈرىكىمدە خۇددى ۋەتەندەك...

بىردەم ئۇخلاشقا قويمىدى قۇياش،
مۇھەببەت چۈش ئىكەن پەقەتلا بىردەم.
مېنى پەپىلە، چۈش ئىچرە مەڭگۈ
سېنىڭ قۇچىقىڭدا ئۇخلاي، ئەي سەنەم!

2008 ـ يىلى 29 ـ نويابىر. خوتەن



## ھەممىزنىڭ ئالقىنىدا...

دەريادا ئېقىۋاتقان سۇلار
ئارقىسىغا قارىمايدۇ.
تاغلار ھەرگىز
قىلمايدۇ تەزىم.

ھايات
غەم ـ غۇسسىغا تولغان،
ئويناپ يۈرەر ئەتراپىمىزدا
شاد ـ خۇرام ئۆلۈم...

ھەممىزنىڭ ئالقىنىدا
ئاخىرەتنىڭ خەرىتىسى!

2008 ـ يىلى 5 ـ دېكابىر. خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ھەسرەتتىن بىر تىزىق، دەردتىن مارجان

ساڭا يۈرىكىمنىڭ بۇلبۇل گويىاسى،
ساڭا كۆزلىرىمنىڭ زۇلمەت قىياسى.
ساڭا چاچلىرىمنىڭ مەجنۇن شاملى،
ساڭا لەۋلىرىمنىڭ كەربالاسى.
ئۇزاق دەريالار شۇنچە قاراڭغۇ،
تۇۋشلار قامچىسى ئەشتى كېچىنى.
ئۆلۈكۈم سېنى دەپ تۇردى لەھەتتىن،
تەنتەنە قاپلىدى گۆرنىڭ ئىچىنى.
كەزدى تېنىمنى پىچاقچى قانلار،
قايتمىدى ۋەسلىڭدىن يېڭىلمەس كۆڭلۈم.
كەلدى مۇھەببەت تاۋۇت كۆتۈرۈپ،
يىقىلدى بوسۇغاڭغا يەنە بىر ئۆلۈم.
...
ئەي مېنىڭ باغرىمغا بىسىلغۇچى يار،
بۇ ئالەم بەكمۇ تار، ئالەم بەكمۇ تار...
ئەي مېنىڭ جەبرەمدە ئۈنلىگۈچى تار
ئىككى روھ دوزاختىن كېيىن ئۇچرىشار...
ئەي مېنىڭ قايغۇمنى كۈيلىگەن ناخشا،
ھەسرەتتىن بىر تىزىق، دەردتىن مارجان...
ئەي مېنى ئىشقتىن يۇغۇرغۇچى زات،
قەلبىم بىر خارابە، ئۆچمەس شەرەپ ـ شان...

بايراقلار لەپىلدەر ھەرتامچە قاندا،
زۇلمەتكە ئوت ئاچار ھەر كۆز قىياسى.
سۆڭەكنىڭ ئاپئايدىڭ كېچىلىرىدە
ئۆچمەس ھەم ئۆلۈمنىڭ نۇرى ـ زىياسى.
نىتەي، بۇ بايراقنى ماڭدىم كۆتۈرۈپ،
سۆيگۈ ئېلىنىڭ سەركەردىسىمەن.
ئىزدەيمەن ئۆلۈمىم ئۈچۈن بىر سۆزنى،
يېڭى بىر ھاياتنىڭ خەۋەرچىسىمەن.
كېلىڭلار جېنىمنى ئالغۇچىلار، ئەي...
يار ئۈچۈن ساقلىغان بىر تال جېنىمنى،
بۇ بايراق لەپىلدەپ تۇرىدۇ تاكى
ئىچىپ تۈگەتكۈچە يالماۋۇز قۇياش
ئاخىرقى بىر تامچە ئىسسىق قېنىمنى...

2008 ـ يىلى 16 ـ دېكابىر. خوتەن

## يەنە

يەنە ھىجرانغا بىردەم تاقەت بار،
يەنە كۈتۈشكە بىردەم ئىختىيار.
قەبرىلەرنىڭ بىرىدۇر قەلبىم،
يەنە
مۇھەببەت مېنى ئۆلۈمگە چىللار.

تۈننىڭ ئىتىكدە ئۇلتۇرغان جانان،
كۆڭلۈمدۇر ئۈستۈڭدىكى قاراڭغۇ ئاسمان.
ئاسماندا پەقەتلا بىر تال يۇلتۇز بار،
ئۇ يۇلتۇز
سىنىڭ نۇر يىغىپ تۇرغان چېھرىڭدۇر،

2008 ـ يىل 31 ـ دېكابىر. خوتەن



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# مىنىڭ گۈزەل ياشلىق چاغلىرىم

ئەتىر گۈللەر بەرگىدە قالدى،
كېپىنەكتەك مەيىن لەپىلدەپ
مىنىڭ گۈزەل ياشلىق چاغلىرىم.

شامالّلارنى قىلدى ئىشارە،
كەتتى بىللە، كەتتى، ئاھ، بىللە،
غايىب بولدى تۇمانلار ئىچرە...

تىمتاس كۆڭلۈم، تىمتاستۇر كەيىپ،
لەھزە چۇقان كۆتۈرمەس شاراب.
سادا بەرمەس سۇنۇق دىرىزە،
ئۆلۈكلەرنىڭ قەلبىدەك ئەتراپ.
سوغۇق قەبرەم تاملىرى ئويچان،
قاراڭغۇدا يىغلايدۇ ناخشا.
جىندەك غېرىب ئالەمدە يالغۇز
ھېچ كىشى يوق مىنىڭدىن باشقا.
بارمىقىمنىڭ ھەممىسى قىلىچ،
چاچلىرىمنىڭ ھەممىسى قارا.
تۇرار قانغا بوياپ ئالەمنى،
قەلبىمدىكى جاراھەت ـ يارا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەممە ئايال گويا قىساسكار،
مەندىكى بۇ غالجىر تالانتتىن.
ئۆلتۈرىدۇ، تىرىلدۈرىدۇ
سۆيگۈ مېنى ھەر كۈن بۆلەكتىن...

كەتكەن ئاشۇ گۈزەل ياشلىقىم،
ئەسلىمەمدە ساقلىنار ياپپاش.
ئەمدى سۆيگۈ قاقاس باياۋان،
ئەمدى گۈللەر ئۇنداق ئېچىلماس!...

2009 ـ يىلى 2 ـ يانۋار. خوتەن



## ماڭا خوش دەڭلار

كوچىدىكى مۇساپىر خوتەن
ئىگىز بىنالار، ئۇچقۇر ماشىنىلارغا
قول سوزغانچە قالدى مۆكچىيىپ.
پۈتۈمدىكى ئىككىلا ئاياغ
بىر ـ بىرىدىن شاللاق ھەم رەسۋا،
يۈزۈمدىكى تاتۇق بىر گۈلدۇر،
بىر گۈلدۇركى قۇياشتەك پارلاق،
تاڭدەك يورۇق تۇرار نۇر چېچىپ...

سوغۇق سالغان كىيىملىرىنى،
ئۇنىڭ چەكسىز يالىڭاچلىقى
سانچىلىدۇ نەشتەردەك جانغا.
بىر قاچا ئاش ئۈچۈن يورۇغان
كۈندۈزلەرگە ئوقۇيدۇ لەنەت،
ئۆتكەن كۈنلەر يارسىز، بىناۋا...

سادىر ئېيتقان قوشاقلار كەبى
بۇ زىندانىنى تېشەر قاي پىچاق،
قاپقاراڭغۇ دىل زىندانىنى؟
مەن بىلمەيمەن، ئاسمان قەيەردە،
مەن بىلمەيمەن، قەيەردە تەڭرى؟!

ئۆتكۈزىمەن ھەر كۈنى گۇناھ
يىرتىپ نازۇك پەردىلەرنى مەن،
چېقىپ بارچە تۇۋرۇكلەرنى ھەم،
قىلغۇم كېلەر ئالەمنى كەڭرى...

يوقتۇر مەندەك مەستانە يەنە،
يوقتۇر چىراغ كۆتۈرگەن كىشى.
خەۋەردارمەن ئۆلۈپ كېتىشتىن،
ھاياتىمنى ئورايدۇ گۈلگە
ئەزرائىلنىڭ قەدىم تېۋىشى.
ھېچ كىشى يوق جايلارغا قەدەر
سالامىمنى يەتكۈزەر شامال.
ھېنى بىر كۈن سۆيىدۇ چوقۇم،
پۈتكۈل ئالەم بولۇپ بىر ئايال.
مەن بىلىمەن كەلگەنلىكىمنى
كېتىش ئۈچۈن دۇنياغا پەقەت.
شۇ سەۋەبتىن
جۇدالىشىش ئۈچۈن سۆيىمەن،
بۇ ھاياتنى قىزغىن ۋە دەھشەت...

كەلدى ئاتكىرىتكا،
نە مەنىسى بۇ يېڭى يىلنىڭ،
نە مەنىسى ياشاۋېرىشنىڭ؟
نە مەنىسى چېقماي تۇرۇپ جان،
تەكرار ـ تەكرار ئۆلۈۋېرىشنىڭ؟
نە مەنىسى قان ـ يىرىڭ ئىچرە
ساختا كۈلۈپ شېئىر يېزىشنىڭ؟!...
يېنىمدا يوق نە بىرەر مۈشۈك،

كۆكسۈمدە بىر ئالدانغان يۈرەك.
ئوڭ قولۇمدىن سول قولۇم غېرىب،
قار قاپلىغان ئەنسىز قەبرىستان
كۆز ئالدىمغا كەلگەن كېلەچەك.
نە مەنىسى مەسلىكنىڭ ئاخىر
قالمىغاندا ئالەمدە ھېچ سىر؟
پادىشاھلار قۇلدۇر تاجىغا،
قۇللارمۇ ھەم ئوخشاش بەربىر...

مەن كوچىدا ئىزدەيمەن نېمە،
بىر ئىت بىلەن يەنە بىر ئىتنىڭ
قان ئازگىلىدا ئۆلگىنىنىمۇ؟
ئوغرى بىلەن بىر پاھىشەنىڭ
ئۆز قەلبىدىن قاچقىنىنىمۇ؟
بۇ كوچىدا قىلىمەن نېمە،
ياكى ئاشۇ ئاسمان ئاستىدا
تىرىكلەرنىڭ ئۆلۈكلىكىنى،
ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىكلىكىنى
بىلدۈرگىلى بىخۇد تۇپراققا؟!...

ماڭا خوش دەڭلار،
كەلدى ئەمدى ئۆلۈم سائىتى.
سائادەتكە، جەننەتكە
مەرىپەتكە، چەكسىز زۇلمەتكە
.....
ياڭراپ تۇرار قوڭغۇراق!

2009 - يىلى 5 - يانۋار. خوتەن

www.uyghurkitap.com



# مەن تىرەپ تۇرغان بەھەيۋەت ئاسمان

1

يۈكۈنەر گاھىدا بىر تال يۇلتۇزغا،
مەن تىرەپ تۇرغان ئۇ بەھەيۋەت ئاسمان.
گاھىدا قەلبىمنىڭ يېرىمى يورۇق،
ئەرۋاھلار ياندۇرۇپ ئولتۇرار گۈلخان.
مەن قوغداپ تۇرغان يەر زۇلمەت قەبرىدۇر،
ئاستىدا ياتىدۇ سانسىز ئۆلۈكلەر.
ھاياتىم گاھىدا بىر كۈپلېت قوشاق،
يۈرىكىم كىشنەيدۇ گاھى ئەسەبى...

2

باھاردىن تېخىچە يوق ئىدى خەۋەر،
گۈللەردەك پورەكلەپ تۇرغاندا ھىجران.
پۈرەكلەر مۇزلىغان سوغۇق كوچىدا،
چۈشۈمنى ئىزدەيتتى سانسىز ئالامان.
قاتىللىق يۈز بەرسە ئۆيۈمدە ئەگەر،
مەندۇر دەل رەھىمسىز ئۇ قاتىل جەزمەن.
يوق ئىدى ئۆيۈمدە چۈنكى ئەزەلدىن
مەن ھەمدە شېئىردىن بۆلەك ھېچ كىشى...



3

ياستۇقۇم يېنىغا كېلەر بىر دەريا،
كېچىدە ئۇيقۇدىن كەتسەم ئويغىنىپ.
دەريانىڭ ھەسرەتلىك دولقۇنلىرىدا
يارىمنىڭ جەستى كېلىدۇ ئېقىپ.
مەڭگۈلۈك چۈشتىكى تەكلىماكاندەك
قۇيۇلار ئۇ دەريا قەلبىمگە تامام.
تىنچىماس ئۆمرۈمدە بىردەم كۈي ـ ناۋا،
چۆللەردەك قۇرىغان ئون ئىككى مۇقام!...

4

ساڭا دەي كۆڭلۈمنىڭ سىرىنى، ساڭا؛
ئىشكىنىڭ ئالدىغا كەلدى مۇھەببەت.
ۋەلېكىن ئىشىكلەر تامام ئېتىكتۇر،
ئاچقۇچ ھەم يوقالغان، تېپىلماس ئەبەد...
قەبرىلەر مەھكۇمدۇر زۇلمەتكە ھامان،
مەڭگۈلۈك تاڭلارغا مەنزىلدۇر ئۆلۈم.
يىگىننىڭ ئۇچىدەك بىر قەترە يورۇق
كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ دۇنيانى پۈتۈن!

2009 ـ يىل 8 ـ يانۋار. خوتەن

www.uyghurkitap.com

# ئەيىبلىمە...

ئەيىبلىمە
يامغۇر تاشقىنىنىڭ قىرغاقلىرىنى،
قۇشلار ئېلىپ كەتكەن يېنىك ھاۋانى.
كېينىگە قارىغان يوللارنى ھەمدە
كۆيۈك تاغلاردىن كەلگەن سادانى...

ئەيىبلىمە
قەلب جاراھىتى گۈلدەك قانىسا،
ئاسمان تىرناقلىرىڭدا بىردەم تۇرمىسا.
ئالەم قەدەھىنى قولۇڭغا ئالساڭ
زەردابتىن ئۆزگە شاراب بولمىسا.

ئەيىبلىمە
ناخشا ئېيتسا قانلار پەريادلىق،
ئۈستىخان ـ سۆڭەكلەردىن پۈتسە ئايۋانلار.
جان تەن ئىشىكىنى ئاچسا،
ئۆلۈم
تەنتەنە قىلسا، ئاھ، بىئىختىيار...
...

كېزىپ چىقتىم بارلىق چۆللەرنى،
ئوقۇدۇم جىن ـ ئەرۋاھلار قايتقان كىتابنى.

سۇغا مەرسىيەلەر چۆكسە تاش كەبى،
ياقتىم چىراغ قىلىپ ئاشۇ ئازابنى.
ھېچكىم بۇ ئىشىكتىن چىقىپ باقمىغان،
ئالىقىنىم جۇپلەنگەن پەرۋەردىگارغا.
ئۆلۈكۈم قەبرىلەرگە قاراپ يۈگۈردى،
كىم بەس كېلەر، ئاھ،بۇ ئىنتىزارغا؟!...
ئاتقا قامچىلار تەگكەندەك شېرىن،
مەن ئۆلۈۋاتىمەن قىزغىن لاۋۇلداپ.
ئەيىبلىمە
ئالەمنىڭ ئاخىرى سەندە توختايدۇ،
ئالغىن قۇچىقىڭغا ئۇنى ئاۋايلاپ...

2009 ـ يىلى 12 ـ يانۋار. خوتەن

www.uyghurkitap.com



## نەدىسەن مەن ئۈچۈن بولغۇچى قۇربان

نەدىسەن مەن ئۈچۈن بولغۇچى قۇربان؟
نەدىسەن مەن ئۈچۈن تۇرغۇچى يىغلاپ؟
مەن ھازىر كۆزۈمنىڭ قاراڭغۇسىدا
نۇرانە ۋەسلىڭگە تۇرىمەن قاراپ.

سەن ئۇيقۇم ئىچىدە گۈلدۈرمامىسەن،
يۇلتۇزلۇق كۆڭلۈمنىڭ خانىقاسىسەن
كىرپىكلىرىمنىڭ كارۋان بېشىسەن،
باغرىمنىڭ قەدىمي قورام تېشىسەن...
نېچۈن كەلمەيسەن، نېچۈن كەلمەيسەن؟
مەن ھازىر سەن باغلاپ قويغان شۇ جاندا،
مەن ھازىر سەن يېقىپ قويغان شۇ تاڭدا.
مەن ھازىر ئۆلۈمنىڭ سۆيۈنچىسىمەن،
مەن ھازىر، مەن ھازىر... سەندە ئىپتىراس!

ئەزەلدىن مەن ئىشىك ئالدىدا تۇرغان
شارابتەك قايىنغان، تىنماي لەڭ ئۇرغان.
كەلسە تونۇيالماي قالمىسۇن دەپ
كىيىملىرىمنى سېلىپ ئولتۇرغان...
شۇقەدەر يالىڭاچ قاندەك، شېئىردەك
ھېچنېمە قالمىغان توسقۇن بولغۇدەك،



يۈزۈم تەبەسسۇمنى يىرتقان كېپەندەك،
كۆزۈم شولىلارنى چاققان كىشەندەك.
پۈتۈمدىن چۆللەرگە كەتكەن قەلەندەر،
ئوڭ قولۇم غېرىبتۇر، سول قولۇم يالغۇز،
كۆكسۈم مۇزلىغان قارلىق دالىدەك...

نەدىسەن مەن ئۈچۈن بولغۇچى قۇربان؟
نىتەي، سەن كەلگۈچە جەسىتىم مۇزلار...

2009 - يىلى 12 - يانۋار. خوتەن



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بۇ دەقىقىدە ئاسمان قالمىدى

بۇ دەقىقىدە ئاسمان قالمىدى،
بۇلۇتلار پۇتلىرىڭىزنىڭ ئۈستىدە ئۇيقۇغا كەتكەن.
تېنىڭىزدە قىيا ئېچىلغان ئۆلۈمنىڭ ئىشىكلىرى،
كۆزۈڭىزدە يالتىراپ تۇرغان سوغۇق قىلىچلار،
چېچىڭىز مۈرەڭىزدە دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريادەك.
ئاستا ـ ئاستا
ئۆرلىمەكتە قەبرىلەردەك كۆكسىڭىزگە قاراپ
ئەرش ئوردىسىنىڭ پەلەمپەيلىرى.

2009 ـ يىلى 15 ـ يانۋار. خوتەن



# گۈللەر تۈرمىسىنىڭ قاراۋۇلىمەن

قەبرىلەرنىڭ يورۇقىدا مەن
بارماقلىرىمدەك
قاتار ـ قاتار ئۆلۈملەرنى ساناۋاتىمەن.
يوشۇرۇن سۆيۈشلىرىمدىن ئۆرلىگەن قۇياش...
ئېغىر ئاسماننىڭ ئاستىدا ئاجىز
گىياھلاردەك ياشاۋاتىمەن.

ماڭا بىر ۋاراق شامال
بىر قۇر تۇپراق
بىر ئاپقۇر ھاۋا بەرمىگەن ھايات...
لەنەت شولىسىدا يورۇغان تاڭلار،
كارىۋىتىمنىڭ جىنازا بىلەن
پەرقى بولغان ئۇزاق ئۇيقۇلار...

گۈللەر تۈرمىسىنىڭ قاراۋۇلىمەن،
گۈزەل تۇيغۇلارنىڭ قىلىچى ئاستىدا...

2009 ـ يىلى 15 ـ يانۋار. خوتەن

## بۇ چۆچەكلەر، بۇ ھېكايىلەر

ساھىبجامال يار جەستىنى
ئېلىپ كېلەر بىر مۇڭلۇق دەريا...
بۇ چۆچەكلەر، بۇ ھېكايىلەر
داۋاملىشار قەبرەمگىچە تا.
ئۇنى چەكسىز سۆيۈشلىرىمدىن
نۇرغا تولار روھىمدىكى غار.
يۇلتۇزلارنى قىلار ئارغامچا
مەن ئېسىلغان مۇھەببەتلىك دار...
ئېھ، قەلبىمنىڭ تەنھا مېھمىنى
كەتمە، جەسەت بولساڭمۇ مەيلى.
بۇ چۆچەكلەر، بۇ ھېكايىلەر
بىزگە قەبرە بولار ئاخىرى!

2009 ـ يىلى 15 ـ يانۋار. خوتەن



# بىز...

بىز...
بىز دېگەن مۇشۇ بىر ئېغىز سۆز
جاھاندىكى ئەڭ مۇستەھكەم زەنجىردەك تۇيۇلىدۇ.

بەزەن يالغۇزلۇقتىن زېرىكىمەن،
ئۆزۈمنى بىر ناتونۇش ھايۋاندەك ھېس قىلىمەن.
تەنھالىقنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى،
كىشنەپ تۇرغان جەڭ ئاتلىرى،
ۋاقىتنىڭ نەم قۇيرۇقىدىن تۇتۇۋېلىپ
خالىغانچە ئۆلتۈرۈۋېتىشلەر...
بەزىدە
ئېگىز بىنالارنىڭ پەلەمپەيلىرىدە،
ماشىنىلارنىڭ غالجىر چاقى ئاستىدا،
ئەينەكلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى توختىغان جايدا
سوزۇلۇپ يېتىپ ئۇخلاپ قالىمەن.

پۇلدىنمۇ قىزىلراق گۈللەر،
مۇھەببەتتىنمۇ مۇشكۈل بۇ سەپەر...
ئېسىمگە كېلىدۇ
شېئىرلاردىكى يوشۇرۇن قاتلىلىق،
تاغلارنىڭ ئورنىدىن تۇرغان ھالىتى.

www.uyghurkitap.com
كىتاب تور بېكىتى

قېچىشى ھەم دولقۇنلارغا مىنگىشىپ
دەريالارنىڭ ۋارقىرىغان پېتى...

بەزەن
سەن بىر دۈشمەن،
غەزەپ بىلەن ئىسمىڭنى توۋلايمەن.
سەن بىر كىشەن
قۇتۇلۇشنى ئويلايمەن.
سەن بىر ۋەتەن
قوينۇڭدا تۇرۇپ،
يىراقىڭدا قان ـ قان يىغلايمەن.
سەن كېلىسەن؛
ئۆلۈپ كېتىشىمدىن بىر كۈن ئىلگىرى
ياكى بىر كۈن كېيىن...
ساڭا سېغىنىش ۋە غەزەپ بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىمنى
يۇمدۇرالمايسەن،
يۇمدۇرالمايسەن!...

2009 ـ يىلى 15 ـ يانۋار. خوتەن



# بىر ئايالغا قەسەم

1

كارىۋىتىڭنىڭ يېنىدا باش ئېگىپ تۇرىدۇ،
چېچىلغان كىرپىكلىرىڭنى تېرىپ كېلىدۇ.
جەرەن ئوغلاقلىرىغا ئوخشايدۇ،
چۈشلىرىڭنى جىمجىت كۆزىتىدۇ
خىيالىمنىڭ ئەلچىلىرى

2

سېنىڭ نۇرغۇن خۇشاللىقىڭ بار،
سېنىڭ نۇرغۇن ئازابلىرىڭ بار.
ھەر كۈلكەڭ ۋە ھەر بىر يىغاڭدا
مېنىڭ ئاياغ ئىزىم بار.

3

لەۋلىرىڭ ئېچىلمىغۇچە
سۆزلەر بىر پەس سۈرمىسۇن زۇۋان.
كۆزلىرىڭ يورۇمىغۇچە
دېرىزەڭگە كەلمىسۇن ئاسمان.

بارمىقىنىڭ شىرىنلىكىدە
قىلىچلارنى باسار جاھالەت.
چاچلىرىڭنىڭ شاماللىرىدا
سۇدەك ئاقار مىليونلاپ جەسەت.
پىچىرلايسەن مەيۇس، ئىنتىزار
ماڭا ئايان، ئۇلۇغدۇر ھىجران...
توختاپ قالما مېنى ئەسلەشتىن،
مەن بار يەرگە كەلمەيدۇ ئىنسان!

4

يىلان كەبى كەتتى ئۆمىلەپ،
تاپىنىڭدىن بىر نەچچە يۇلتۇز

5

سىنىڭ ئاشۇ نازۇك تېنىڭگە
ئىچكىرىلەپ كىرىپ بارغانچە؛
باياۋاندا يالغۇز يولۇچى
غايىب بولدى خەندە ئۇرغانچە.
تىرنىقىڭدا ئولتۇردى قۇياش؛
كەتتى ئاسمان چۆكۈپ يىراققا.
نېمە دەيسەن لىۋىڭدە بىھۇش
ئۇخلاپ قالغان مەست كېپىنەككە!
كارىۋاتلار يالغۇز ياتقاندا پۈرەكلىمەيدۇ،
دېرىزىلەر بۇلۇتلارنىڭ كۆز يېشىدا چوڭقۇرلىمايدۇ.
ساپما كەشلەرگە يوشۇرۇنغان چوڭقۇر مۇھەببەت،



ھەتتا بىر تال تاشتا قەدرىلىك يالقۇنلار،
سەن ئاچقان ئىشىك مەڭگۈ يېپىلماس
قەلبىمگە تىمسال...

2009 ـ يىلى 21 ـ يانۋار. خوتەن



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# تەخسىرات

شاخلار، يوپۇرماقلار، قىرى - چۆرىلەر،
تۇغۇلغان، ئۆلۈۋاتقان ئادەملەر،
پىيادە كېتىۋاتقان ماشىنىلار ۋە
ئېلان تاختىسىدىكى كۆلكىسى قىستىغان رەسىملەر
كۆرمەيدۇ ئاسماندىكى شۇ يېگانە قۇياشنى...
بىراق
ئۇن سەككىز مىڭ ئالەم بىر - بىرىگە ئەمەس يىراق.
يېنىپ تۇرىدۇ ھاياتنىڭ زۇلمەت قاراڭغۇسىدا
تەڭرى ئۆلۈم بىلەن ياققان چىراغ.
لايدىن ئادەم ياسىغۇچى پەرۋەردىگار بار،
لايغا تەزىم ئەتمەس شەيتان لەئىنە.
لەنەت تاشلىرىنى ئاتقان لەنەتلىك
ئۆز - ئۆزىگە ئىنسان لەئىنە...
ماڭا بورانلاردىن بىر كارۋان كېرەك
ماڭا گۈلخانلاردىن كېرەك بىر يوتقان.
ماڭا بىر يول كېرەك
ئۆزۈمدىن ئۆزۈمگە كەڭرى ۋە داغدام.
ئۇ يەردە، ئاسمانلارنىڭ يەتتىنچىسىدە
مەن تەڭرىدە، تەڭرى ھەم مەندە
مۇھەببەت - نەپرەت يوق، ساۋاب - گۇناھ يوق،
ئاجراپ ئەبەدلىك بەندىدىن بەندە...



قاسماق دېۋانىلەرنى، ئېلىشماق ساراڭلارنى،
يېتىم بالىلارنى، نامرات موللىلارنى،
ئاجىز، مېيىپلارنى تىللىماڭلار،
ئەۋلىيالار ئاشۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىدۇ.
يۇندا چاچقان يەرلەرنى، قان تۆكۈلگەن يەرلەرنى،
ئۆمۈچۈك تور تارتقان قاراڭغۇ قازناقلارنى تازىلىماڭلار،
ئەۋلىيا ئاشۇ يەرلەردىن قوپىدۇ.

تەخسىرات كەتكەنلەر
ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەيدىغان شائىر بولىدۇ.

2009 ـ يىلى 24 ـ يانۋار. خوتەن



www.uyghurkitap.com



## مەن كەلدىم

1

مەن كەلدىم
ئېگىز ئاسمانلارنىڭ ئۈستىدىكى ئوردىدىن،
يەرنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى مۇردىدىن.
ئەي غەپلەت ئىلكىدە قۇياشنى باغاشلاپ ئۇخلاۋاتقانلار،
ياغلىق قاپقى، زىغزىق بەلبېغى بار ئوغلانلار،
تاشقا سۆيگۈ ئىزھار قىلىۋاتقان ئاپتاپتا يارىنى كۆتكەنلەر؛
تاشقا زۇلۇم سىلىۋاتقان يامغۇر قامچىسىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكەنلەر،
قۇلىقىڭلارغا بىر كىمنىڭ ئۆلۈۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندىمۇ؟

2

كۆڭۈللەرنىڭ ئىشكىنى ئېچىۋەتتى،
مەھكەم باغلانغان ئارغامچىلارنى يېشىۋەتتى،
قۇياشنى كۆلدۈرۈۋەتتى، گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇۋەتتى
قەلەندەرنىڭ ناخشىسى...
ئۇنىڭ جۇلدۇر كېپىنى ئەركىنلىككە بايراق ئەمەسمۇ؟
ئۇنىڭ سېمىز پىتلىرى كېچە ـ كۈندۈز ئويغاق ئەمەسمۇ؟
ئۇنىڭ يوللىرى تىكلەنگەن، ئېگىز، ئۇچلۇق

مەشۇق باياۋانىغا ماڭغان قەلەندەرلەر شاھى مەشرەپتەك
زۇلمەت كۈندۈزلەرگە يېقىلغان چىراغ ئەمەسمۇ؟!
چۈشلىرىمنىڭ دېرىزىسى ئالدىدىن ئۆتكەن ئېگىز هارۋىلار،
هارۋىلاردىن تۆكۈلۈپ تۇرغان تىللالار،
يۈرىكىمنى بازغاندەك سوقۇۋاتقان پىچاقچى قانلار،
قۇلىقىڭلارغا جېنىمنىڭ ھەلقۇمدىكى شادىيانە ناخشىسى ئاڭلاندىمۇ؟

3

كىم ئېيتقان سۆز بۇ :
ھايات بىر پىيالە چايغا ئوخشايدۇ،
ھەر كىم يولۇچى، بېكەت - بېكەتلەردە توختايدۇ ...
ئەي قەبرىستانلىقتا ھاياتنى زىيارەت قىلىۋاتقان كىشىلەر،
ئۆلۈكلەر يالغان ئېيتمايدۇ؛
سوراق باشلانغاندا جاۋاب بەرگۈدەك قۇدرەت يوق،
دوزاخ باشلانغاندا نالە قىلغۇدەك پۇرسەت يوق،
جەننەت باشلانغاندا مۇھەببەت يوق، نەپرەت يوق.
قەبرىلەرنىڭ ئىچىدىن
قۇلىقىڭلارغا بىر كىمنىڭ كۈلۈۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندىمۇ؟

4

شۇم ھۆۋقۇشقا، بەش يۈز ياشلىق قاغىغا،
چۈشىن قانىتىغا، پەرۋانىلەر تەۋەككۈل قىلغان خەتەرگە،
موللاقچى كەپتەرگە، سۆيگۈ مەكتۇپلىرى يۈتۈلگەن دەپتەرگە
بايان ئەيلەي نالە - زارىمنى؛
ئەي ئەتىگەندە سوغۇق سۇدا ناشتا قىلغانلار،
كۆڭلىنىڭ بىر پارچىسىنى يىرتىپ لەگلەك ئۇچۇرغانلار،
بىر گەپنى بىر گەپكە باغلىيالماي جۇدالىق ھەسرىتىگە پاتقانلار،

يىغلاپ ـ يىغلاپ، يىغىسىنى توختىتالماي ئېرىقلاردا لاي سۇ
بولۇپ ئاققانلار،
قۇلىقىڭلارغا بىر كىمنىڭ كېلىۋاتقان قەدەم تىۋىشى ئاڭلاندىمۇ؟

2009 ـ يىلى 31 ـ يانۋار. خوتەن





# پىنھانلاردا جۇش ئۇرار سۆيگۈ

پىنھانلاردا جۇش ئۇرار سۆيگۈ،
تاشقىنلىتىپ سوغۇق ياشلارنى.
چىرقىرىغان كىم ئۇ لەززەتلىك
بارمىقىغا يۆگەپ چاچلارنى...
تونۇۋالار كىمنى بۇ يۈرەك،
زۇۋان سۈرمەس غېرىبانە ئاي.
شۇنچە ئۇزاق دىل قاراڭغۇسى،
تەنلەر تىترەپ ئۈنلەر خۇش چىراي.
ئۇ بەئەينى كۈيچى راۋابتۇر
ياكى قارنى يېرىلغان دۇتار.
يا يىقىلغان سانسىز لەشكەردۇر،
كۈي ئەۋجىدە ئۈزۈلگەندە تار.
ياكى ئاسمان، كونا پالاستەك
دېرىزىدىن تۇرغان ساڭگىلاپ.
ياكى قاتتىق قىنىاق ئىچىدە
كۆزدۈر كەتكەن چاناقتىن چاچراپ.
كۆڭۈللەرنىڭ ئارقا ھويلىسى
يا زۇلمەتنى يىرتقان چىراغلار.
گۈللەر بىلەن ياسالغان تۈرمە
يا تۈندىكى ئەما بۇلاقلار...
كەتتى كۆڭلۈم سەرگەردان بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

قاي چۆللەردە تۇغۇلار سەنەم؟
ھېچبىر سەۋەب قالمىدى ئەمدى
ئۆلۈشكە يا ياشاشقا بىردەم.
كېتەيلى، ئەي سەۋدايى سۆگەت،
تۇرنىۋەرمە ئۆستەڭ بويىدا.
ئۇچرىشارمىز يار بىلەن بەلكى
ئاسمان بىلەن يەرنىڭ تويىدا!

2009 ـ يىلى 16 ـ فېۋرال. خوتەن



# باھار تۇيغۇلىرى

1

تومۇرلاردا ئۆركەشلەپ ئاققان،
ئەتىر گۈلدەك يالقۇنلاپ تۇرغان
شۇ ئىسسىق قان، ئاشۇ ئىسسىق قان...
غۇۋا سۆزلەر، جانان چىندەك
چىقىلىشقا تەييار كۆڭۈللەر،
قەلەندەرلەر ساپايە سوقۇپ،
دەشتلەردە يۈرگەن سەرگەردان...
كىرپىكلەرنىڭ كەينىدىن قاتار
بويلاپ ئاشۇ يىتكەن ئۈپۈقنى
جاراڭلىتىپ قوڭغۇرىقنى
كېتىۋاتقان يىگانە كارۋان...

2

ئۆلۈم ئارا ياشنايدۇ ھايات
كۆلپەتلەردە تۇرىدۇ ياپياش.
ھەممە ئادەم بىلمەستىن ئۆزى
قەبرىسگە ماڭار ئالدىراش.
ئەينەكلەرنىڭ كەينىدە چوڭقۇر
پىتىۋاتقان شۇ غېرىب قۇياش،

ئاھ، كىملەرنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن
تۆكەر ئىكەن ئاچچىق ـ ئاچچىق ياش؟!

3

رەستىلەردە بۇلتۇرقى ھىجران
نەمخۇش ئازاب سىڭگەن ھاۋاغا.
تۇرۇۋالغان ئورنىدىن تۇپراق
قۇلاق يېقىپ غايىب ساداغا.
تونۇش ئۆلۈم كېزەر ئەتراپتا
زۇلمەتسىرى يېقىن بىزگە تاڭ.
سۆيۈشۈۋاتقان ئىككى لەۋ ئارا
شۇنچە قاتتىق جۇدالىق، ھىجران!

4

قايتىپ كەلدى قۇشلار بەزمىدىن،
قاخشال شاخقا قوندى چېچەكلەر.
ناخشىسىنى باشلىدى يەنە
مىليون يىللىق تاغلار ئاستىدا
يارنى كۈتكەن ئاشىق يۈرەكلەر.
ئەي، يىغلىما... ھايات قاتتىقتۇر،
قاتتىقتۇركى ناۋاتتەك، شېرىن...
ئەڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىڭدا
ھېس قىلسەن بۇنى ۋەلېكىن!

2009 ـ يىلى 17 ـ فېۋرال. خوتەن



## سەن ياشىغان ئاۋات شەھەردە

— ئارىقۇمىغا خەت

ئادەملەرنىڭ باياۋانىدا
كۆلۈمسىرەپ كەلدىڭ ئالدىمغا.
ئەينەكلەرگە پاتمىغان ئاسمان
يالتىرىدى چاناقلىرىڭدا.
دەرۋىشلەردەك يېگانىلىقىڭ
ئاياللارغا سوقۇلدى رەت - رەت.
جان بىلەن تەن ئارىسىدىكى
چۆلدە بولۇپ سەرگەردان
شېئىر يازدىڭ ئىزدەپ مۇھەببەت!...

سەن ھېس قىلدىڭ، ئالەم يۇملاق
گۇگۇم چۇشۇپ پاتقاندا قۇياش.
شاد - خۇراملىق ئىچرە جىمى جان
قەبرىستانغا ماڭار ئالدىراش.

مەڭگۈ سەرسان مۇھەببەت
سۆيۈشۈۋاتقان ئىككى لەۋ ئارا.
قىزىل گۈلدەك تۇرار ئېچىلىپ
يۈرەكتىكى جاراھەت - يارا.

سەن ھېس قىلدىڭ تالاي ئۆلۈكنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئارىمىزدا ھاياتلىقنى.
تالاي تىرىك كىشىلەرنىڭ ھەم
قەلبىمىزدە ئۆلگەنلىكىنى.

ھېس قىلدىڭ ھەم گۈل بىلەن كۆڭۈل
ۋاقىت ھەممە يالتىراق،
ئادەم ۋە ماشىنا...
پۇلدەك قاناپ كەتكەن سەھەردە،
ئايلىنىشنىڭ يەر شارىنىڭ
سەن ياشىغان ئاۋات شەھەردە.

2009 ـ يىلى 19 ـ فېۋرال. خوتەن

# يېقىنلا بىر يەردە...

يېقىنلا بىر يەردە مېنىڭ ھاياتىم
تۇرىدۇ قۇياشتەك پارلاق نۇر چېچىپ.
ئاھ،ئۇنىڭ باغرىدا زۇلمەت قەبرىلەر
جەننەتنىڭ نۇرىغا تۇرار چىلىشىپ.

يېقىنلا بىر يەردە مېنىڭ ئۆلۈمىم
ئېچىلىپ تۇرىدۇ قىزىل گۈل كەبى.
ئاجىزلىق قىلىدۇ ھەتتا قەلىمىم
كۈيلەشكە مىسلىسىز گۈزەللىكنى...

يەتتە ئىقلىمنى كەزدىم يېگانە،
ئىزدەپ يار ۋەسلىنى چېكىپ دەرد ـ پىراق.
يېقىنلا بىر يەردە يالقۇنلار سۆيگۈ،
مۇدھىش زىمىستاندا تىترەيمەن بىراق!

2009 ـ يىلى 19 ـ فېۋرال. خوتەن

www.uyghurkitap.com



## جىرىڭلار قۇياشنىڭ قوڭغۇراقلىرى

چىقتىم نۇر ئېلكىدە زۇلمەت ئىچىدىن،
جىرىڭلار قۇياشنىڭ قوڭغۇراقلىرى.
تاپىنىم ئاستىدا جىمجىت باياۋان،
بارمىقىم - ئۆلۈمنىڭ تىغ - ياراغلىرى.

بېشىمغا قونغان قۇش بەلكىم تەڭرىنىڭ،
سايرايدۇ دوزاختىن جەننەتكە چىللاپ.
ئۆلگەنلەر ياشايدۇ قىيامەتكىچە
تىرىكلەر ئۆلىدۇ ھەر كۈنى نەچچە...

ئەي ساقىي، شاراب بەر، ئەقلىدىن ئازاي،
ئالەمنىڭ مەنىسى — مەنىسىز ئىكەن.
نە ئەجەب، ئېچىلسا قىزىلگۈل بولۇپ
ئىشق باياۋىنىدا
پۇتۇمغا سانچىلغان قەدىرسىز تىكەن؟!

2009 - يىلى 19 - فېۋرال. خوتەن

# مەن ساڭا بەرمەكچى ئىدىم بىر ئاسمان

مەن ساڭا بەرمەكچى ئىدىم بىر ئاسمان،
قاراپ باق كۆڭلۈڭگە، بارمۇ ئاي ـ قۇياش؟
مەن ساڭا بەرمەكچى ئىدىم بىر دەريا،
چۆمۈپ باق مېھرىمگە توسقۇنسىز، بىباش.
مەن ساڭا بەرمەكچى ئىدىم ئۆزۈمنى،
تۇتۇپ باق كۆكسۈڭدە بارمۇ قوش يۈرەك؟
مەن ساڭا بەرمەكچى بولغان ئالەمنىڭ
جىمىكى پۇقراسى مەن بولسام كېرەك!...

2009 ـ يىلى 19 ـ فېۋرال. خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## جانانىنىڭ جاندىكى جىلۋىسى ئۆچتى

جانانىنىڭ جاندىكى جىلۋىسى ئۆچتى،
قان كېچىپ كېلىدۇ دىلدىكى ئازاب.
ئۈمىدسىز ئاسماندا بىرمۇ يۇلتۇز يوق،
زەھەردۇر بارماقلار ئىچكەن مەي ـ شاراب.

ئۈزىدى ئۆلۈملەر، ئۈزىدى تويلار،
يىقىلدى ئاھ ئۇرۇپ ئاخىرقى ناخشا.
كىرپىكلەر كەينىدىن كەلگەن كارۋان
يوقالدى كۆزلەرنىڭ قاراڭغۇسىدا.

نالىلەر قىلىچتەك كەتتى يالتىراپ،
ھېچكىم يوق كوچىدا ياڭرايدۇ نەغمە:
«ئاھ، مېنى ئۆلتۈرەر مۇھەببەتسىزلىك،
ئۆلتۈرەر مۇھەببەت ئوخشاشلا يەنە...».

2009 ـ يىلى 21 ـ فېۋرال. خوتەن



# ئىككى جىننىڭ ھېكايىسى

ھايات مېنىڭ ئېچىمدە، قەبرىلەر مېنىڭ ئېچىمدە،
جەننەت مېنىڭ ئېچىمدە، دوزاخ مېنىڭ ئېچىمدە،
تەڭرى مېنىڭ ئېچىمدە...
ساراسىمغا تولغان بىر زاۋال پەيتىدە
باشلاندى ئىككى جىننىڭ ھېكايىسى

## 1

كىم بىلمەيدۇ ئىگىلىك باشلاردىكى يوشۇرۇن خادا تاشلارنى؟
يۈرەكلەردىن تامچىلاۋاتقان قاپقاراڭغۇ ئەما ياشلارنى؟
كىم بىلمەيدۇ
ئېتىقادنىڭ روھتىكى كىشەن ئىكەنلىكىنى، ئارزۇ -
ئارمانلارنىڭ خاتىرجەم ھاياتقا دۈشمەن ئىكەنلىكىنى؟!...
بۈيۈك كارۋاندىن خەۋەر يوق
ئەي سۇندۇكلارنىڭ يامغۇرلۇقىدەك ئاپئاق ئېچىلغان ماماكاپ
گۈللىرى
سۇغا مەپتۇن بولغان مەجنۇنتاللارنىڭ ئاشقانە پەريادلىرى
مەندىن بىر ئاسمان كۆتكەن قايغۇ بۇلۇتلىرى كەبى
باغرىنى ئاچقان خۇشال كىشىلەر،
ھايات توختايدۇ.
ئۆلۈم -

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىز ئىزدەۋاتقان روھتىكى پىنھان گۈھەرگە ئوخشايدۇ.
كىم
ئايەتلەردە يېمىرىلمەس تاملارنى سوقۇپ،
قانلار بىلەن ئەلەملەرنى رەڭداش قىلدى؟
داپ ھالقىسىدىن ئەسەبىي زامانلارنى ئۆتكۈزۈپ،
ئۇستىخان ـ سۆڭەكلەر بىلەن سەلتەنەتلەرنى بىتەڭداش
قىلدى؟
كىم
قۇمنىڭ ھەر دانىسىگە، كۆڭۈلنىڭ پۇچۇق پىيالىسىگە،
تۇپراقنىڭ ھەر نالىسىگە، تەنىنىڭ قاپقاراڭغۇ خانىسىگە،
ئوتنىڭ ھەر نارىسىگە، جاننىڭ لاۋۇلداپ تۇرغان دۇردانىسىگە،
سۇنىڭ پېشانىسىگە، يۈرەكنىڭ پارىسىگە
ئەبەدىيلىك ئىنتىزارلىقنىڭ تەشنالىقىنى توشقۇزدى؟
كىم تاشلىۋەتتى ئەخلەت كەبى كوچىلارغا قەلبىدىكى
ئازابنى،
كىم قۇدۇقتىكى يۇسۇپنى قۇتقۇزدى؟...
ماڭا تاللاش يوق، تاللانغانمەن ئىشققا،
ماڭا ئەبەدىيلىك دەردنى بەرگەنكى،
زىنھار بەرمىگەن ئۇندىن ئارتۇق خىزمەتنى.
ئۆلۈمگە ھەۋەس قىلىمەن، شۇنچە مۇكەممەل
ئۇندىن تاشقىرى ھېس قىلالمايمەن ھېچبىر مۇھەببەتنى...
دائىم ئۆزۈمدىن قوغلىنىمەن
كۆڭلۈم ئايۋانلىرىدا مەشرەپ ئويناۋاتقان ئوغرى ـ قاراقچىلار
ئۇخلىمىغۇچە شېئىرلاردا يۈرىمەن...

2

بۈگۈن مېنىڭ باشقا قۇياشىم يوق،

بۈگۈن ئۆلۈمنىڭ ھەممە ئىشكلىرى ئوچۇق،
كىندىكىمدىن كۆكرىكىمگىچە سوزۇلغان ئەرش ئوردىسىنىڭ
پەلەمپەيلىرى
چاچلىرىمنىڭ زۇلمىتىدە چاقماق چېقىۋاتقان يوچۇن
بىرتەقدىرنىڭ گۈلدۈرمامىسى.
جان -
مەن كېچەلمەيۋاتقان ھىجران.
كۆز يېشى بارلىق گۈللەردىن گۈزەل،
شېئىر يېزىش - ياشاشتىن ئاسان.
ھەممە جايدا مۇھەببەتنىڭ خۇپىيانە قاتىللىقى،
ھەر بىر ئايال ئۈچۈن بولىمەن قۇربان...
مەيدە تۈكلىرىم قېرىمايدۇ
پىچاقچى قانلار ئورنىدىن تۇرۇۋالغان،
ئىچىم توشۇپ كەتكەن ئۆلۈم بىلەن لىپمۇلىق،
تىرىك يۈرگىنىم يالغان...
مېنىڭ بۇ ھالىتىم چۆلدىن كەلگەن
بوران بارماقلىرىدا تارىنىپ،
تۆگە تاپىنىدىكى كۆلدە سۇزۇلگەن...
بەرھەق،
مۇھەببەتلىك كۆڭۈللەر كەبى
مەن كىرمىگەن تۈرمىلەر قالمىدى،
ئەۋرەزلەردە چاقناپ قالىمەن.
دىلبەر كۆزىدىكى ئويچان بۇلاقلار
چاڭقاقلىقىمنى قاندۇرالمايدۇ،
تېخىمۇ چوڭقۇر قۇرۇپ كېتىمەن.
بىر ئايال كەلدى،
دېدى ئاۋۋال: سېنى سۆيىمەن،
ئاندىن

www.uyghurkitap.com



يۇرىكىمگە پىچاق سالدى...
ئاستا ـ ئاستا
قەلبىم ئاپپاق قەغەزگە ئوخشايدۇ،
كۆيدۈرىۋېتىمەن،
كۆيدۈرىۋېتىمەن...

2009 ـ يىلى 24 ـ فېۋرال. خوتەن





## ۋاقتىم يوق...

خىرە يوپۇرماقلىرىنى تۆكتى كېچە،
ئاندىن
چېچىۋەتتى يوپۇرماقلاردىكى يۇلتۇزلارنىڭ ھاياجانلىق
تىترەشلىرىنى.
بىر جىن قېچىپ كەتتى قورقۇپ ئۆزىنىڭ
كۆلەڭگىسىدىن،
بىر ناخشا
يېتىپ قالدى قۇسقىنچە تامنىڭ تۈۋىدە...
ئايالّلارنىڭ چېچى قارا بولۇشقا باشلىغاندا،
سۆيگۈ كېچىسىنىڭ بۇ قەدەر ئۇزۇن بولىدىغانلىقىنى
بىلمەيتتىم.
ئۇلار چېچىنى كېسىۋەتتى،
ماڭا پاناھلانغۇدەك كېچە قالمىدى...
ئالاھازەل
مەن بەش يۈز ياشقا كىرگەندە
بىر قاغىنىڭ ماتەم مۇراسىمغا قاتنىششىم مۇمكىن.
چۈنكى قانىتىدىكى ئاسماندا،
يىڭنە ئۇچىدىكى بارخاندا
جىمجىتقىنە ئۆلۈپ قېلىشىم مۇمكىن...
ماشىنىلارنىڭ تۈركۈملەپ تۇغۇلۇشى
ئەتىرگۈللەرنىڭ ئېچىلىش ئالدىدىكى نازاكىتىنى



بىت ـ چىت قىلىۋەتتى.
پۇلىنىڭ بارغانسېرى قىزىللىشىشى
زامانىنىڭ قىيامەتكە قاراپ ئىلگىرىلىشىنى تېزلەتتى.
بەزىدە ھېچنېمە دېمىگىنىم بىلەن
نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئۆلۈكىنى كۆمۈپ قويىمەن،
سۆڭەكنىڭ ئايدىڭ كېچىلىرىدە
پىچاقلار يالتىراپ تۇرار،
تاۋۇت كۆتۈرۈپ ماڭغان ئۆلۈكلەر
مېنى چاقىرار.
نىھايەت
مېنىڭ ۋاقتىم يوق،
شېئىر يازماقتىمەن ئۆلۈم توغرۇلۇق...

2009 ـ يىلى 3 ـ مارت. خوتەن



# قۇشلار ئارىلى

دۇئا بەر، ئانا،
بېرىپ كېلەي قۇشلار ئارىلىغا.
ئۆگىنەي مەن ئۇلاردىن قانات قېقىشنى،
ئۆگىنەي غەم ـ غۇسسىسىز خۇشال سايراشنى.
قايتىشىمدا چۈمۈلىلەر مەكتىپىنىڭ يېنىدىن ئۆتىمەن،
قوڭغۇزنىڭ ماشىنىلارغا ئوخشمايدىغان جايلىرىنى كۆزىتىمەن.
ئەگەر خالىسا دەريا ـ ئۆستەڭلەر
ئۇلارنى قۇرۇپ كەتكەن چۆللەرگە باشلاپ قويىمەن...
مىسال ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان يانتاقلارمۇ بار
تەسكەن، چوگىچىن، يۇلغۇنلار ئارىسىدا،
قەددىنى تىك تۇتۇپ ئولتۇرغان بىر تال قومۇشنىڭ
شامالدا نەي چېلىۋاتقان ھالىتىنى چۆچەكلەردىكى پادىچى تازغا
ئوخشىتىمەن...
ئانا،
قۇشلار قانات قېقىش مۇسابىقىسىنى باشلىۋەتتى،
ئۇلارنىڭ سايراش ئالدىدىكى ئاۋازىنى تەڭشەشلىرىدە مىسلىسىز
نازاكەت بار.
ئېھ
ئۇلارنىڭ ئاسمانلىرى نەقەدەر كەڭرى،
نەقەدەركەڭرى...

2009 ـ يىلى 4 ـ مارت. خوتەن

# تەلۋە زاھىد

ئۇ قاننى قويۇلدۇرىدىغان قوغۇشۇننىڭ قورسىقىدىكى
ھېكايە بولۇشى مۇمكىن
ۋە ياكى بىرنى ئىككىگە بۆلۈۋاتقان ماتېماتىكىنىڭ ئۇزۇن
يىللىق تەجرىبىسى
ياكى ئۇ ئادەملەرنىڭ مايمۇنغا ئۆزگىرىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى
تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى...
بىراق سىلەر خاتا قىلدىڭلار،
دۇنيانى تاپشۇرۇپ مەندەك كۆرگەنلىكى نەرسىدىن گۇمانلىنىغان،
يوق نەرسىلەرگە چوڭقۇر ئىشىنىدىغان تەلۋە زاھىدقا؛
شېئىرنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن سۆزلەرنى پاچاقلاپ تاشلايلى،
مۇھەببەتنى ئەبەدىيلىككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئاياللارنى
رەت قىلايلى.
ئاسماننىڭ ئۇ تەرىپىدىن ئۇچۇپ كەلگەن قانداق قۇش ئۇ؟
كىيملەرنىڭ ئەنجۈر يوپۇرمىقىدىنمۇ بىخەتەر ئىكەنلىكىنى
كىم ئىسپاتلىيالايدۇ؟
ئەينەكلەرنىڭ ئارقىسىدىكى كوللېكتىپ ئۆلۈۋېلىۋاتقان
ئاياللارنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟
ئاپتوبۇس بېكەتلىرىدىكى كېلىپ - كېتىشلەر ئۈچۈن،
يۈرەكلەردىكى ھاياجانلىق چىرىپ كېتىشلەر ئۈچۈن،
ئەينەككە ھەر بىر قارىغاندىكى قېرىپ كېتىشلەر ئۈچۈن
ھۇررا!



مەنە ئايۋانلىرىدىن چىقىپ كېتەيلى...
دەيلى ئاسماننى ئۈچ بۇرجەك،
يۇملاق بولسا ئۆزىنىڭ ئىشى،
قېرى، كېسەل، مېيىپ، ئاجىز
ئاقساق ـ چولاق ئەۋلىيالارغا باش ئۇرايلى...
بولۇش ئۈچۈن بىزمۇ ئەۋلىيا
ئۆمۈچۈك تور تارتقان قاراڭغۇ، زەيكەش قازناقلارنى ماكان
قىلايلى!...
ھەتتىگىنەي
قىشنىڭ ئۇزۇن ھەم سوغۇق بىر كېچىسىدە ئۆلۈپ كەتسەم
جەسىتىمنى تۇنجى رەت بايقىغۇچىغا سېغىنىپ سالام!

2009 ـ يىلى 5 ـ مارت. خوتەن



www.uyghurkitap.com



# دىلبەرنىڭ كۆكسىدەك يۇمشىدى ھاۋا

1

ئېرىققان قەدەملەر دوزاخقا ماڭدى،
بۇ دۇنيا سوغۇقتىن قالماقتا مۇزلاپ.
يۈرەكنىڭ كەشتىسى ياغلىقنى يىرتتى،
مۇھەببەت كوچىدا يۈرىدۇ يىغلاپ.
تەقدىرمۇ خۇدانىڭ چىگكەن تۈگۈنى؟
قۇرۇقتۇر دىلدىكى ئەڭ چوڭقۇر قەبرە.
ئايالدەك رايىش بىر تەقدىر ئالدىدا
ھەر كۈنى تاش بولۇپ قاتىدۇ سەبرە.
مەن ئاستا يول ئالدىم بۇلتۇرقى جايغا،
يارىمنىڭ لېۋىدىن ئۈزەي بىر چېچەك.
شائىرلار كۈي قاتتى باھار كەلدى دەپ،
مەنمۇ ھەم جور بولاي تىترەپ، ئاھ تىترەپ...

2

ئېھ، ئايال، چاچلىرى زۇلمەتلىك ئايال
ئېھ، چەكسىز يالىڭاچ، قۇدرەتلىك ئايال.
قوبۇل قىل جېنىمنى بېرەي مەن ساڭا،
جان بەرمەي ياشاشقا يوقكەن ھېچ ئامال!
ئاتالارمۇ كۆكسۇمدىن دۇپۇرلەپ ئۆتكەن؟



كېچىدە تەنھالىق قايغۇسى ئېغىر.
سۆيگۈدىن ئېغىر ھەم ۋەتەن قايغۇسى
قايغۇلار ئاقىۋەت ئىكەن بىر شېئىر...
شېئىرلار ئۈندەيدۇ ئۆلۈشكە مېنى
ھەر ھەرىپ، ھەر مىسرا تىكلەپ تۇرار دار.
ۋەلېكىن ئەتىگە بېغىشلاپ ئۈمىد
ھەر يىلى مارت بىلەن كېلىدۇ باھار.

3

چۈمۈلە مەن بىلەن ھاشارغا ماڭدى،
كېپىنەك سەيلىگە كەلمىدى تېخى.
چىۋىننىڭ قانىتى ئاسمان بولمىدى،
ياشاردى بالدۇرلا سۆيگۈنىڭ بىخى.
تالادا ھەممىدىن شامال ئالدىراش،
دىلبەرنىڭ كۆكسىدەك يۇمشىدى ھاۋا.
يۈرىكىم ئاغرىدى شېرىن خىيالدىن،
ئۈنىڭغا يارىمنىڭ سۆيۈشى داۋا.
ئۇ ئۆلۈپ كەتكەنمىش تۇغۇلغىچە مەن،
سېغىنىش ئىلكىدە يولۇمغا قاراپ.
بەلكىم بۇ باھاردا چىقار ئۇ كۆكلەپ،
چوڭقۇر يەر تەكتىدىن ئىسمىمنى تورلاپ...

2009 ـ يىلى 9 ـ مارت. خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## كۆڭلۈم ناخشا ئېيتار مۇھەببەت ئۈچۈن

يالغۇزلۇق... يالغۇزلۇق بىر ھايۋان بولۇپ،
ئاخىر يۈرىكىمنى قويدى ئۇيغىتىپ،
جالالىتىنىڭ قولىدىكى قىلىچقا ئوخشاش
قىپقىزىل ئېچىلغان گۈللەرگە قونۇپ،
كۆڭلۈم ناخشا ئېيتار مۇھەببەت ئۈچۈن؛
.....
مۇھەببەت، مۇھەببەت، قەبرەمسەن مېنىڭ،
نېمە ئۇ قولدىن كەتكەن تاجلار، قەسىرلەر؟
باھارنىڭ بىر ئەتىگىنى سېنىڭ كۆز يېشىڭ
توختىماس ئۆتسە يەنە قانچە ئەسىرلەر.
تۆگە كارۋانلىرى يىراقتا قالدى،
روھلار كەلدى تالاي، بىر تەن كەلمىدى.
گۈللەر تۈرمىسىدە ياتتى بۇلبۇللار،
لېكىن خىيالىغا گۈلشەن كەلمىدى.
ئىزدىدى سۇلتانىنى تاپالمىدى قۇل،
كەتتى چۆللەرگە بولۇپ قەلەندەر.
بەردى جېنىنى، قىلمىدى قوبۇل
ئاخىرقى نەپەستە كەلدى پەيغەمبەر...
كېچىنىڭ قارا ئارغامچىسى، كۈندۈزنىڭ نۇر قامچىسى
گۈلنى ئېچىلدۇردى ھەسرەتنىڭ بىر تامچىسى.
سۆيۈشۈپ جۇدالاشقان، قىيامەتلىك مەست بولغان



ھەممە يالغۇزدۇركى، يالغۇز ھەممىسى.
ئىشق ئوتى يالقۇنلار ھەرۋاق،
ئوتنىڭ يالقۇنلىرى بوستان ـ بوستان چاچ
ئۇسسۇل ئوينار چەكسىز يالغاچ،
ئەگشەر جىنازىنىڭ كەينىدىن قۇياش،
مۇھەببەت ئۆلدى! دەپ سايرار ۋىچىرلاپ
جىنازا ياغىچىغا قونۇپ بىر قۇشقاچ.
ئىتلار ئەگشەر، مۈشۈكلەر ئەگشەر،
ئەگشەر چاچلىرىنى يۇلۇپ ئاياللار.
بۇ جىنازىنىڭ كەينىدىن ئاخىر
ئەگشەر يەتتىنچى ئاسماندىن چۈشۈپ تەڭرىمۇ...

2009 ـ يىلى 2 ـ ئاپرېل. خوتەن





# بىر نان ئۈچۈن

كىمنىڭ ئىشكىدە تامچىلايدۇ
بۇ يۈرەك بىر نان ئۈچۈن، بىر نان ئۈچۈن؟
ئۆلۈم بەرھەق ئىدى پۈتسە رىزىق
ئەسلى تىرىك يۈرگەن ھەر جان ئۈچۈن.
ياكى مۇھەببەتتىن، يا نەپرەتتىن
نە قالدى جان بەرمەككە ئوغلان ئۈچۈن؟!

بىر كوچا ـ بىر كوچىدا يۈرەر يىغلاپ،
چاچلىرى بەلگە چۈشتى مەجنۇنتالنىڭ.
بىنالار ئارقىسىغا پاتتى قۇياش،
ئوتلۇق سۆيگۈسىدە بىر ئايالنىڭ.
قەلبىم تىۋىشلارغا سالار قۇلاق،
ئاتلار كىشنەر كۆكتە، ئاھ، ئىنتىزار.
تارقىلار قەبرىلەردىن تونۇش سادا،
شاۋقۇنلار يەر تەكتىدە ئالتۇن قانلار.
قىلىچلار يالتىرايدۇ سۆڭەكلەردە،
كۆيىدۇ يۈرەك بۈيۈك ئارمان ئۈچۈن.
بىر شاھمەن، يېنىمدا يوق پۇچۇق تىللا،
تاج ـ تەختىم بىر نان ئۈچۈن، بىر نان ئۈچۈن...

ئاخىرى بىر نان ئۈچۈن ئىنقىلابلار،

سۆيگۈ ھەم بىر نان ئۈچۈن يېلىنجايدۇ.
ئاچ قالغان ئادەم ئۈچۈن ناندۇر ۋەتەن
لېكىن ئۇ بازارلاردا سېتىلمايدۇ.
بىر تال نان، بىرلا ناندۇر قۇياشمۇ ھەم،
يېگىلى بولماس بىراق قالغاندا ئاچ.
ئاچ قالغان ئادەم ئۈچۈن ئۇلۇغ ئارزۇ
غايە ۋە ئارمانلاردا بار نە ئىلاج؟!...

ئاشىقلار چۆل كەزگەندەك جانان ئۈچۈن
كېزىمەن ھاياتلىقنى بىر نان ئۈچۈن.

2009 ـ يىلى 24 ـ ئاپرېل. خوتەن

www.uyghurkitap.com



## سورىما، مېنىڭ ئىسمىم ئاشىق، ئاشىق...

سورىما، مېنىڭ ئىسمىم ئاشىق، ئاشىق،
سورىما، مېنىڭ دەردىم دەريا، دەريا...
قايرىلىپ ئۆتەي نازۇك كىرپىكىڭدىن،
كۆزۈڭنىڭ قارىسىنى قىلاي پاناھ.
كۆكسۈڭگە باراي، قەبرەم شۇندا ئىمىش،
باراي چۆل سۈرگۈن بولغان شۇ سەنەمگە.
باراي مىڭ زىمىستاننى كۆلدۈرۈپ ھەم
باغرىڭدا لاۋۇلدىغان جەھەننەمگە.
ئاسمانمۇ سېنىڭ ئۈچۈن قىلار پەرۋاز،
تۇپراق ھەم سېنىڭ ئۈچۈن ئالار نەپەس.
شاماللار مەجنۇن بولار سېنى سۆيۈپ،
ئۆچمەس ھەم سۇلاردىكى ئاتەش ھەۋەس.
لەرزىگە سېلىپ مېنى جاراڭلايدۇ،
ئاۋازىڭ كەينىدىكى قوڭغۇراقلار.
ئۆلتۈرەر كۈندە مىڭ رەت تەشنالىقتا،
تاپىنىڭ ئاستىدىكى شوخ بۇلاقلار.
ئېھ، ماڭا كەلگەن ئەجەل بىرلا ئۆزۈڭ،
ماڭمەن ئاداققىچە قەبرەم تامان.
مەندىكى ئاشۇ مىسكىن غېرىب جاندۇر،
ساڭا كېتىۋاتقان بۈيۈك كارۋان.

سورىما، مېنىڭ ئىسمىم ئاشىق، ئاشىق،
سورىما، مېنىڭ دەردىم دەريا، دەريا...

2009 ـ يىلى 27 ـ ئاپرېل. خوتەن

www.uyghurkitap.com



## سىملدايدۇ يامغۇر ھەۋەستە

سىملدايدۇ يامغۇر ھەۋەستە،
شارقىرايدۇ دەريا ئەسەبىي.
ناخشىلارغا كەتتى پۈركىنىپ
قەلبىمدىكى يارنىڭ جەستى.
قەيەردىدۇر قوۋۇرغام مېنىڭ،
كۆكسۇمدىكى گۇللەر، چىمەنلەر؟
ئېلىپ ماڭغان مەھشەر ئالدىغا
روھىمدىكى زەنجىر ــ كىشەنلەر؟...
بىلمەس بولدۇم، ئايال كېلەچەك
كېلەر قاچان كىيىمنى سېلىپ؟
ئاستا ــ ئاستا قۇرۇپ كېتەر تەن
ھاياجانلىق كەيپى يېشىلىپ.
توختىمىدىم قەسەم بېرىشتىن،
لېكىن ئوچۇق ئىشكىم ھامان.
يۈرىكىمگە باغلانغان ئىتلار
قاۋار تۈننى قىلىپ مالىمان.
ھەممە ئادەم ئاشىق ــ بىقارار،
ھەممە ئاشىق ياردىن ئايرىلار.
ئايلاندۇرار ئۆلۈمنى گۈلگە،
سۆيگۈ دېگەن سەلتەنەتلىك دار.



تۇنجى ئايال ئۆلمەس ھېچقاچان،
تۇرار ھامان جېنىمنى ئويناپ.
ئالقىنىدا ئۇنىڭ ئۆلگىچە
شېئىرلاردەك چىقاي مەن يىغلاپ!

2009 - يىلى 28 - ئاپرېل. خوتەن

www.uyghurkitap.com



# سىنى قانداق ئۆلۈم بىلەن تارتۇۋالاي

ھاياتىمنى قىلىپ بولدۇم تەسەددۇق،
بۇ ھاياتىم قەبرىلەردىن ئالدى جاي.
بوسۇغاڭغا كەلدىم يەنە ئۆلگىلى،
سىنى قانداق ئۆلۈم بىلەن تارتۇۋالاي؟
ئىككى قېشىڭ بىر دەريانىڭ كۆۋرۈكى،
ئىككى كۆزۈڭ بىر يۇلتۇزنىڭ ئاسمىنى.
سىنىڭ ئۈچۈن يىغلىغىلى تۇغۇلغان
مەن، ئاھ، غېرىب بۇ دۇنيانىڭ دەردمىنى.
يىغلىمىسام ئوخشاي قانداق ئۆزۈمگە،
دەرد چەكمىسەم قانداق قاينار بۇ قازان؟
مەن كەزمىسەم چۆللەرقانداق تۈگەيدۇ،
مەن ئۆلمىسەم قانداق تۈگەر بۇ ھىجران؟
ئۆرتەنمىسە جېنىم سىنىڭ ئىشقىڭدا،
يەتتە دوزاخ ئوتى ئۆچۈپ قالامدۇ؟
سەككىز جەننەت بېغىدىكى پەرىلەر
جۈت - سوغۇقتا مۇزلاپ ئۆلۈپ قالامدۇ؟!...
ئەمدى ئۆلسەم تۈگەر بىللە دۇنيامۇ،
كۈلمەس قايتا قىلىچلار ھەم خۇش چىراي.
كەلدىم يەنە بوسۇغاڭغا تەلمۈرۈپ،
سىنى قانداق ئۆلۈم بىلەن تارتۇۋالاي؟!

2009 - يىلى 4 - ماي. خوتەن

# تېنىڭ مېنىڭ قۇچىقىمدا ئەتىر گۈلگە ئايلاندى

تېنىڭ مېنىڭ قۇچىقىمدا ئەتىر گۈلگە ئايلاندى،
تېنىم سېنىڭ قۇچىقىڭدا ئوت ـ يالقۇنغا ئايلاندى.
ماڭا مۇھەببەتتىن بىر پىيالە شەربەت بەر.
جەننەتكە ئۆزۈمنى ئىشەندۈرەي...
چۆل ـ باياۋانلارغا ماڭدىم قۇرۇق قول،
مېنى ئېزىقتۇرۇپ تېنىڭدىكى چىغىر يول.
ئاشۇ چۆللەردە ماڭا ئاشىق ئۆلۈمدىن بىر لەھزە
پۇرسەت بەر،
تەڭرىمگە ئۆزۈمنى چۈشەندۈرەي...

2009 ـ يىلى 5 ـ ماي، خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كەل

ئالقىنىمغا كەل
تىرنىقىمنىڭ ئاستىدا ئولتۇر.
بەرگىڭدىكى مەست كېپىنەكمەن
لەۋلىرىمنى شارابقا تولدۇر...
بويۇڭ نازۇك، شولاڭ قىلچىتۇر،
يۈرىكىمدىن ئۆرلەيدۇ تۈتۈن.
جەسەتلەردىن بولىمەن ئۆرە
جەڭگاھ ئىچرە ھەر تاڭ سەن ئۈچۈن...
كەل
ئوڭ تەرىپىمدىن ياكى سول تەرىپىمدىن،
ئۇخلاپ ئويغانسام چۈشۈمدىن
قولۇمدىكى قاتتىق زاغرىدىن
يانچۇقۇمدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئون تىيىن پۇلدىن...
كەل
ماشىنىلارنىڭ كۆزىنى ئېتىۋېلىپ
ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتقان تۇمانلاردىن.
تاملاردىكى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ
ئەرلەرنى قۇرۇتۇۋاتقان ئېلانلاردىن.
كەل
شاراقلاپ كۆلۈۋاتقان پۇللاردىن



ۋە ئۇنىڭ زىندانىدىكى قۇللاردىن...
كەل
مەن سېغىنىشنىڭ قاپقارىڭغۇ ئۆڭكۈرىدە!

2009 ـ يىلى 5 ـ ماي. خوتەن



www.uyghurkitap.com



## سۆيۈشكەن بىز چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن

سۆيۈشكەن بىز چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن
شۇ قەدەر ئەسەبىي، شۇ قەدەر قىزغىن.
تاغلارنىڭ تاشلىرى چۇشكەندەك غۇلاپ،
باسقاندەك گوياكى ئالەمنى قىرغىن.

سۆيۈشكەن تاشقاندەك دېڭىزنىڭ سۈيى،
چۆللەر بوراندا تارتقاندەك نەرە.
زۇلمەتتىن قاچقان ئۆلۈكلەرنى ھەم
قوغلاپ كەلگەندەك سانسىز قەبرىلەر.

سۆيۈشكەن بىز چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن
ھايات ۋە ئۆلۈمدەك چىرمىشىپ خەندان.
مىڭ يىلدىن كېيىنمۇ بەلكىم بۇ سۆيۈش
تەڭرىنىڭ ئېسىدىن چىقماس ھېچقاچان.

2009 ـ يىلى 8 ـ ماي. خوتەن



# ئۆلۈمنىڭ تىنۋىشى ئاڭلىنار غۇۋا

ئۆزۈمنى زورلايمەن ئۆلۈپ كېتىشكە،
كەلمىگەن ھاياتنى بىر ئۆمۈر كۈتۈپ.
كۆڭلۈمنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭلىرىدا
ئاسماننىڭ يېرىمى چۈشتى ئۆرۈلۈپ...
ئۆرۈلگەن ئاسماندىن چۈشكەن توزاندەك
ئۆلۈمنىڭ تىنۋىشى ئاڭلىنار غۇۋا.
چاچلىرى يەلكەمدە ئاقار دولقۇنلاپ،
قوللىرى كۆكسۈمنى قىلدۇ يارا.
نەقەدەر گۈزەلدۇر، نەقەدەر شېرىن،
يوق ھېچبىر ئايالدا ئۇندىكى سۇبات.
بەرگەندۇر بۇ قايناق ئىلھامنى ماڭا،
بولۇپ ئۇ يارىدار روھىمغا قانات.
ئۆرلەپ، بۈيۈكلۈكتە يوق بولغانسىرى
تەگرىنى كۆرسەتمەك بولغاندۇر ماڭا.
جېنىمنى ئۈزۈپ، ئاھ، بىر تال ئالمىدەك
بەرمەكچى بولغاندۇر سوۋغات قىپ ئاڭا...
ماشىنا چاقىدا ۋە ئارغامچىدا
ئەڭ ئېگىز بىنانىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى
مۇئەللەق بىر ئۆينىڭ دېرىزىسىدە
چاقىرار ئۇ مېنى قىلىپ ئىلتىجا:
كەلگىن ئەي... مەن ساڭا كۆرستەي بىر ـ بىر

يەتتە دوزاخنى تۇرغان لاۋۇلداپ.
ئىشق ئوتىدا كۆيگەن يۈرىكىڭ،
نە ئەجەب
دوزاخ ئوتلىرىدا قالسا سەگدەپ!...
كەلگىن ئەي... مەن ساڭا كۆرستەي بىر - بىر
سەككىز جەننەتنىڭ گۈلزارلىرىنى،
ئىشق چۆللىرىدە چاڭقىغان كۆڭلۈڭ
نە ئەجەب
جەننەت باغلىرىدا يايرىسا بىر پەس!...
كەلگىن ئەي... مەن ساڭا كۆرستەي ئاندىن
نۇرانە ۋە يورۇق تەڭرى چېھرىنى،
ئۆزۈڭنى ئىزدەپ تىنىگەن روھىڭ
نە ئەجەب
تەڭرى چېھرىدە كۆرسە ئۆزىنى!...
.....
چاقىرار ئۇ مېنى ئۆلۈپ كېتىشكە،
نازۇك قوللىرىدا سىلاپ جېنىمنى.
نەقەدەر قاتتىق - ھە، نەقەدەر شېرىن
ئاھ، ئۇنىڭ قەسمى، ئۇنىڭ قەسمى!...

2009 - يىلى 13 - ماي. خوتەن



# كۆڭلۈمدە سەن پاتقۇدەك بىرلا ئىشىك بار

كۆڭلۈمدە سەن پاتقۇدەك بىرلا ئىشىك بار،
مەن ئىشىك تۈۋىدىكى قاراۋۇل؛

كۆڭلۈمدە سەن پاتقۇدەك بىرلا كارىۋات بار
مەن كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى كۆزەتچى.

كۆڭلۈمدە سەن پاتقۇدەك بىرلا قەبرە بار،
مەن قەبرە ئالدىدىكى ھازىدار.

كۆڭلۈمدە
بار پەقەت بىرلا پادىشاھ،
مەن ئۇ پادىشاھنىڭ بىردىنبىر قۇلى...

2009 ـ يىلى 14 ـ ماي. خوتەن

www.uyghurkitap.com

## مەن نەپەس ئېلىۋاتىمەن...

مەن ئۆچۈن ھاۋا سەن، نەپەس ئېلىۋاتىمەن،
مەن ئۆچۈن ئوتسەن، قالمىدىم مۇزلاپ.
مەن ئۆچۈن تۇپراقسەن، ئاچ قالمىدىم،
مەن ئۆچۈن سۇسەن، قالمىدىم چاڭقاپ...
سەن ئىچىمدە لىپمۇلىق،
سەن ئىچىمدە چوڭقۇر ھەم چەكسىز.
مېنىڭ بار بولۇشۇم سەن تۆپەيلى
بىر قۇرتتەك، قوڭغۇزدەك شۇنچە قەدىرسىز.
ئىچىمدە ئۆزۈمنىڭ بىر كارىۋىتىمۇ يوق
ئارام ئالغۇدەك ھارسام بەھۇزۇر.
يوق ھەتتا غېرىب ـ غۇرۋا كۆلەڭگەممۇ
چىراغ تۆۋىدە ئولتۇرغان يالغۇز...
مېھرىبانلىق ۋە مۇھەببەت بىلەن
پاك ـ پاكىز ئادالىۋەتتىنىڭ مېنى ئۆزۈمدىن.
مەن پەقەتلا سېنىڭ پوستۇڭمەن،
كىيىمىڭمەن ياكى نىقابىڭ...
ئاھ، تەڭرى
مەن نەپەس ئېلىۋاتىمەن!...

2009 ـ يىلى 14 ـ ماي. خوتەن



# بىر باقساڭ...

بىر باقساڭ كۆزۈمنىڭ ئاسمانلىرىغا،
يېگانە بىر يۇلتۇز چېكەر دەرد ـ ھەسرەت.
جېنىمنى ئۆيىنىغان بارماقلىرىڭغا
كۆڭلۈمنىڭ رىشتىنى چىگەر مۇھەببەت.

بىر باقساڭ... يۈرىكىم ئېچىلار گۈلدەك،
ئۈنلەر شاد كۈيلەرگە قەلبىمدىكى تار.
مىڭ قۇياش كۈلگەندەك يورۇپ كېتەر، ئاھ،
تىمتاس ھەم قاراڭغۇ روھىمدىكى غار.

بىر باقساڭ... تۇرار يەر چۆچۈپ ئورنىدىن،
يىقىلار ئايىغىم ئاستىغا ئاسمان.
قايتارمەن مەڭگۈلۈك ئىشق چۆلىدىن
مۇھەببەت ئېلىگە بولۇپ مەن سۇلتان!

2009 ـ يىلى 17 ـ ماي. خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يېرىم كېچىدە قانايدۇ يۈرەك

يېرىم كېچىدە قانايدۇ يۈرەك،
نېچۈن يالغۇزدۇرسەن ھايۋانغا ئوخشاش؟
ئۆلگۈڭ كېلىدۇ، ئەزرائىل كەلمەس
يىغلىغۇڭ كېلىدۇ، قەلبىڭ قۇپقۇرۇق.
كەتكۈڭ كېلىدۇ، ئالەم قاراڭغۇ
كۆرۈنمەس ئۆلۈمدىن ئۆزگە بىر يورۇق...
ۋارقىراپ باقسەن، تىلىڭ تۇتۇلار
ئۆچەر ھەم دىلىڭدىكى ئاجىز چىراغ.
پۇتۇڭنى تاشلايسەن ئۇيان - بۇيانغا،
قولۇڭنى سوزىسەن ئۇزاقتىن - ئۇزاق...
ئەي
قەبرىدەك يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان تاغلار،
دىلدىكى غۇنچىلار توزۇغان باغلار،
ۋۇجۇدى بىر قېتىم چېچەك ئاچمىغان
تاشلارغا غەرق بولغان ھازىدار سايلار
ئاڭلاڭلار ئۇنىڭ تىنىقلىرىنى...
ئۇ ھايات،
تىرىكى قەبرىدە تۇرىدۇ ئۆرە،
ئۆلۈكى كوچىدا تۇرىدۇ تېنەپ.
يەرنى كۆلىپتىدە تۇرىدۇ ساقلاپ،
ئاسماننى پەريادىدا تۇرىدۇ تىرەپ.



تۇمانلار ئىچىدە يىتكەن تاغلارنى
ۋارقىراپ قايتۇردۇ ئەكس ساداغا.
چۆلنى قايتۇردۇ قەلەندەر بولۇپ،
ئازاب ـ ئوقۇبەتكە، جەبرۇ بالاغا.
ئۆرلىتىپ بۆيۆكلۆككە، يوق قىلىپ
تەڭرىنى قايتۇردۇ ئەبەدىيەتكە.
قايتۇردۇ جەننەتنى نەپرەتكە،
دوزاخنى قايتۇردۇ مۇھەببەتكە...
ئاندىن
ئۆزى قايتىدۇ تۇپراققا.
ئۇنىڭ توپىسىدىن ئۈنەر قىزىلگۈل
ياكى شۇمبۇيا ۋەياكى يانتاق!...

2009 ـ يىلى 4 ـ ئىيۇن. خوتەن



www.uyghurkitap.com



# پەقەت بىر ئاسمان بولمايسەن

پەقەت بىر ئاسمان بولمايسەن،
يۇلتۇزلىرىمنى پەرىشان قىلىسەن.
پەقەت بىر چۆل بولمايسەن،
ئاياغ ئىزلىرىمنى سەرگەردان قىلىسەن.
پەقەت بىر گۈل بولمايسەن،
گۈلزارلىقىمنى ۋەيران قىلىسەن.
پەقەت سەن
قىيا بىر بېقىپ،
تاغدىكى ئاھۇلاردەك چۆچۈپ،
چۆلدىكى ياھۇلاردەك ئۈركۈپ،
تۆگىلەردەك
ئات ـ ئۇلاغلاردەك
تۈگمەس سەپەرلەرگە ماڭغان كارۋانلاردەك
مېنى سېغىنىش ئازابىغا تاشلاپ كېتىسەن...

جېنىمدىنمۇ يېقىنراق تۇرىسەن،
ئۆلمىگۈچە يار بولمايسەن!

2009 ـ يىلى 24 ـ ئىيۇن. خوتەن



## ئىستەكلىرىم قۇلۇپلانمىغان

ئىستەكلىرىم قۇلۇپلانمىغان،
تېخى ياڭراق ناخشىلىرىم بار.
تۈن كېچىدە قۇياشىمدۇر ئۇ،
تاڭ سەھەردە ئەينى بىر گـۈلزار.
توزۇمايدۇ ھەرگىز كۆتۈشلەر،
ئەگەر ئۇندا بولسا سۆيۈشلەر،
ھاياتتىنمۇ چىندۇر مۇھەببەت،
چىندۇر ئۆلۈم سۆيگۈدىن بەتتەر.
ئىچكىرىدە جەننەت بار دېگەن
جۇدالىقنىڭ تاشلىرىنىڭ، ئېھ
كۆتۈۋاتىمەن يېرىلىشىنى...
ئەي مۇھەببەت
يالقۇنىڭدىن دوزاخمۇ خىجىل.
ۋۇجۇدۇمنىڭ ئىمارەتلىرى
پۈتكەن ئاشۇ يالقۇنلار ئىچرە
بىر ـ بىرىدىن ھەيۋەت ھەم ئېسىل.
تىرىكتورمەن لېكىن جەسىتىم
توختىماس ھېچ ئۆلۈشتىن تەكرار.
ئۇنىڭ ھەر بىر پەريادلىرىدىن
ھاياتلىقنىڭ كۈيلىرى ياڭرار.
بىراق تەڭرى ئۆلۈم تەرەپتە

ھەقىقەتتۇر ئۆلۈملا ھامان.
بۇ دۇنيانىڭ بىمەنىلىكى
ئۇ دۇنيانىڭ ئەپسانىلىرى
ئالدىيالماس ئۇنى ھېچقاچان!...

2009 ـ يىلى 6 ـ ئىيۇل. خوتەن



## بۇ كېچە ئۆلۈمنىڭ تەمى ئۆزگىچە

بۇ كېچە ھەسرىتىم ئايدىن ئاياندۇر،
كۆڭلۈم خارابە، بارخان ـ بارخاندۇر.
تېنىمنىڭ ئىچكىرى قاقاس باياۋان،
ئۇ باياۋاندا، ئاھ، يالغۇز جېنىم
يارنىڭ مەنزىلىگە ماڭغان كارۋاندۇر.

بۇ كېچە ئۆلۈمنىڭ تەمى ئۆزگىچە،
نالىلەر، پەريادلار ئۈنچە ـ مارجاندۇر.
ئىككى ئالەمدۇر قۇچىقىمدىكى
بىرى ئەپسانە، بىرى يالغاندۇر.

بۇ كېچە تاڭ ئاتماس رومالىنى قايرىپ،
تاڭ ئاتماس، نىگارنىڭ يۈزى پىنھاندۇر.
ئاشىقچۇن پەقەت بىر كېچىدۇر ھايات،
ھايات بىر كېچىدۇر، چۈشتۇر، تۇماندۇر...

2009 ـ يىلى 7 ـ ئىيۇل. خوتەن

www.uyghurkitap.com



## ھەقىقەت يەرنىڭ يەتتە قات تەكتىدە

خىيال قۇشلىرىم ئۇچۇپ بارالمىغان ئۇ ئاسمان
يەرنىڭ يەتتە قات تەكتىدىدۇر.
بەلكىم ئۇ قۇشلار
چۈشەنگەن ئاسماننىڭ يوقلۇقىنى
ئۇچقانسېرى
ئۇچقانسېرى...

2009 ـ يىلى 10 ـ ئىيۇل. خوتەن





# چۈشلىرىم قالايمىقان

پەرىشتىنىڭ قاناتلىرى يوق،
ئاسمان يوقتۇر پايانسىز كۆكتە.
كېتىپ بارار توپ ـ توپ ئادەملەر
كارۋان تارتىپ قاندىن ياشقىچە.
ئايەتلەرنىڭ سېپىلمۇ يوق،
يوق ئۆلۈمنىڭ ئەينىكى ھەتتا.
بار دوزاختىن كېيىنكى جەننەت
ئۆلۈكلەرنىڭ ئاياغ ئاستىدا.
ھەممە ئۆلۈم ئوخشاشتۇر، ئەينى ـ
مۇراد تاپقان كەبى مۇھەببەت.
يوق ھېچنېمە قىلغۇدەك بايان
بار تەڭرىنىڭ ۋەدىسى پەقەت...
چۈشلىرىم قالايمىقان
توۋلار بىر كىم: ئادەم ئۆلدى! دەپ،
ئويغىنىشتىن قورققانسېرى
چىللىماقتا تاڭ خورازلىرى.

2009 ـ يىلى 10 ـ ئىيۇل. خوتەن

www.uyghurkitap.com



# ئىيۇلنىڭ قوللىرى يۇمران ۋە ئاپئاق

ئىيۇلنىڭ قوللىرى يۇمران ۋە ئاپئاق،
يامغۇرغا چىلاشقان يوپۇرماقلىرى.
كۆزىدە ھۇۋلايدۇ ياربدار ئۇپۇق،
كۆكسىدە تاشقىنلار كۈي بولاقلىرى.

ئىيۇلنىڭ يۈرىكى بىر تىمتاس مازار،
ئاتگۈلنار ئۆلۈكلەر ئېيتقان ناخشىلار.
سۈكۈتتە تۇرىدۇ سانسىز قەبرىلەر،
قىيامەت كۈنىگە بولۇپ ئىنتىزار.

پايانسىز بىر چۆلدۇر ئىيۇلنىڭ تېنى،
مۇقامغا جور بولۇپ كېلەر بىر كارۋان.
ئاھ، ھەر بىر مەرغۇلى جۇل ـ جۇل قەلەندەر،
ئاھ، ھەر بىر قەلەندەر سەرسان ـ سەرگەردان.

2009 ـ يىلى 13 ـ ئىيۇل. خوتەن



# يەنە بىر كېچە مېنىڭ بولدى

يەنە بىر كېچە مېنىڭ بولدى،
يالڭاچ خىياللىرىمنىڭ كارىۋاتقا چىقىشى
تەنھالىقنىڭ جىن ـ پەرىلىرى بىلەن پىچىرلىششى
كۆز ياشلىرىمنىڭ قاشتاش مارجانلارغا ئايلىنىشى
قېنىمنىڭ ھۇۋۇلاۋاتقان بۆرىلەرگە ئۆزگىرىشى...
مېنىڭ بولدى
تامدىكى ئاتلار، تورۇستىكى پەريادلار،
جىمجىتلىق ياقىسىنى يىرتىپ ئېيتىۋاتقان ناخشىلار،
ئىككى كۆزۈمدىن ئۇيان ـ بۇيان كېتىۋاتقان ئەرۋاھلار؛
يەلكەمدىكى بىر ـ بىرىگە دەستىلەنگەن تاغلارنىڭ جەستى،
قوللىرىمدىن سۇمبۇل چاچلارغا ئېقىۋاتقان بارماقلار...
پۇتلىرىم تەرەپتىن كېلەر بىر ئايال،
كەينىدە چۆل، چۆلدە ئۇسسۇل ئوينار سەۋدايى شامال،
ئايىغىدىن ئەشەددىي مۇقاملار جاراڭلاپ تۇرغان،
تىنىقىدىن ئۆلۈمنىڭ خۇشبۇيى ئەتىرگۈللىرى پۇراپ تۇرغان.
چەكسىز بىر ئايال قۇچىقىمدىكى
مېنىڭ بولدى...

2009 ـ يىلى 14 ـ ئىيۇل. خوتەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# تېنىڭدىن گۈپپۈلدەپ كېلەر نەۋباھار

تېنىڭدىن گۈپپۈلدەپ كېلەر نەۋباھار،
گۈلزارغا يەتكۈچە مىڭ بىر باياۋان.
لېۋىڭدە مەجنۇندەك يالاڭ ئاياغمەن،
ماگارمەن، لېۋىڭنىڭ غۇنچىسى پىنھان.
ئۆلۈكۈم قالىدۇ ئۆتەڭ ـ ئۆتەڭدە،
ئاڭلىنار گۆرلەردىن دۇتار ناۋاسى.
كېلىدۇ تاغلارمۇ بېشىنى ئېگىپ،
كېلەر ھەم چۆللەردىن تەمبۇر ساداسى.
ياتسەن باغرىمدا تەكلىماكاندەك،
سەرگەردان ئاشىقمەن، ماكانىم ناخشا.
مۇقامدىن بىر قەترە ئىچەي دېگۈچە،
لىپ قىلىپ كۆزۈڭنى ئاچىتىڭ بىردىنلا...

2009 ـ يىلى 26 ـ ئىيۇل. خوتەن



## ئەتراپىمدا شاۋقۇنلار ھايات

ئەتراپىمدا قىز ـ ئاياللار بار،
شېرىن ھېسلاردا يۈرىكىم دەريا.
گۈللەر باش ئېگەر، سۇلار كۆز يۇمار،
قۇرۇپ كېتىمەن ئاستا ، ئاستا...

ئەتراپىمدا ياتار چۈش كۆرۈپ
ئۆلۈكلەرنىڭ تەكلىماكانى.
جەستىنى تۆگىگە ئارتىپ
ماڭار ئۇپۇقتا ۋاقىت كارۋانى.
بەزىدە قوڭغۇراق قالار جىرىڭلاپ،
بەزىدە ئەرۋاھلار يىغلار ۋارقىراپ،
بەزىدە بوران، بەزىدە مۇقام
ئاشار ھەددىدىن چۆلنىڭ پىغانى...

ئەتراپىمدا يالغان ياشىغان،
راست يىغلاۋاتقان سانسىز ئادەملەر،
قاپقارا كۆزلەر، قاپقارا چاچلار،
قاپقارا تويلار، قارا ماتەملەر.
قىپقىزىل پۇللار شاللاق ھەم رەسۋا،
رەڭدار ماشىنىلار، ئېگىز بىنالار
مەجنۇن مۇزىكىلار، غېرىب ناخشىلار

www.uyghurkitap.com

پۇتلىرىمغا ئېسىلىپ يىغلار...

ئەتراپىمدا شاۋقۇنلار ھايات،
مەنلا تۆكۈۋاتقاندەك بۇ ئاچچىق ياشنى.
كۆتۈرۈۋاتقاندەك پەقەت بىر مەنلا
يەلكەمدىكى ئېغىر قۇياشنى...
ئىشق ـ مۇھەببەتنى كۈيلەپ بىر ئۆمۈر،
يالغۇز قالغاندەك بىر مەنلا پەقەت.
پەقەت مەنلا قالغاندەك يالغۇز،
بۇ ئالەمدە بولۇپ قىيامەت...

ئەتراپىمدا ھېچكىم قالمىغان،
ئەرزىمىنى ئېيتقۇدەك ئۆزۈمدىن بۆلەك.
نېچۈن كىمگىدۇر ئېسىلىپ يەنە،
قايغۇلار ئىچىدە يىغلار بۇ يۈرەك!...

2009 ـ يىلى 28 ـ ئىيۇل. خوتەن





# زالىم يار

يەر بولدۇم بىر ئۆمۈر، ئاسمان بولمىدىڭ،
كۆڭلۈمنىڭ تەختىگە سۇلتان بولمىدىڭ.
جان بەردىم، ئۆلۈشكە كەلسىلا پۇرسەت،
بىر قېتىم جېنىمغا جانان بولمىدىڭ.

تېنىمنى ئالدىڭغا يايدىم بارخاندەك،
يېشىمنى يولۇڭغا چاچتىم مارجاندەك،
دىلىمنى نۇرانە قىلدىم ئايۋاندەك،
بىر قېتىم ئۇنىڭغا مېھمان بولمىدىڭ.

تۈنلەردە يۇلتۇزنى قىلىپ مەن ئوقيا،
كۈندۈزدە قۇياشتىن ئېشىپ ئارغامچا،
يول ئالدىم سەن ئۈچۈن جەڭلەرگە ھەتتا،
بىر قېتىم ھالىمغا ھەيران بولمىدىڭ.

ئەي زالىم، مەن ئۆلۈپ جەننەتكە كىرسەم،
ئىشقىتىن ساماۋى سۆھبەتكە كىرسەم،
ھۆرلەرنىڭ نازىدىن ئىشرەتكە كىرسەم،
دەرمەنمۇ، ئاھ، يەنە: رىزۋان بولمىدىڭ!...

2009 ـ يىلى 30 ـ ئىيۇل. خوتەن

## ئىككىمىز...

ئىككىمىز ئىككى يول تۇتاشقان قەبرە،
ئىككىمىز ئىككى تەن ئىچىدە بىر جان.
ئىككىمىز دۇنيانىڭ ئىككى ئىشىكى،
ئىككىمىز ئاي، قۇياش يانغان بىر ئاسمان،

قولۇمغا ساز ئالسام خۇشخۇي ئاھاڭسەن،
قولۇمغا جام ئالسام ھەم خۇشبۇي شاراب.
مەن سېنىڭ جەستىڭ، سەن مېنىڭ قەبرەم،
ئۆلۈمدىن گۈزەلدۇر بىزدىكى ئازاب.

سەن ئۇندىن يول ئېلىپ، مەن بۇندىن كېلىپ،
ئۇچرىشىپ قالىمىز شېئىردا ھامان.
يىرتىپ سەن سۆزلەرنىڭ پۈركەنجىسىنى،
مىسرالار قېتىدىن چىقساڭچۇ جانان!

2009 ـ يىلى 8 ـ ئاۋغۇست. خوتەن

پىلانلىغۇچى: **ئەركىن ئىبراھىم پەيدا**
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: **ۋاھىتجان ئوسمان**
مەسئۇل مۇھەررىرى: **چىمەنگۇل ئاۋۇت**
مەسئۇل كوررېكتورى: **مۇھەممەتسىدىق تاھىر**
تەكلىپلىك كوررېكتورى: **ئابدۇرېھىم ئابلىمىت**
بەت ۋە مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: **نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن**

## بەرگى خازان
(شېئىرلار)

---

**ئاپتورى:** غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد
**نەشرىيات:** شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
**تېلېفون نومۇرى:** 0998 ـ 2653927
**ئادرېسى:** قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 844000
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**باسقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
**فورماتى:** 880 × 1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 8.375
**نەشرى:** 2014 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2014 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**باھاسى:** 40.00 يۈەن

---